ئۆمەرجان سىدىق

ئىناق ئېكولوگىيە ئابىدىسى —

# كارىز



شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى



ئۆمەرجان سىدىق

# ئىناق ئېكولوگىيە ئابىدىسى -
# كارىز



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

和谐生态里程碑—坎儿井：维吾尔文/吾买尔江• 斯地克编著. —
乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2011. 12
ISBN 978-7-5466-1161-7

I. ①和…II. ①吾…III. ①坎儿井—介绍—新疆—
维吾尔语(中国少数民族语言) IV. ①S279. 245

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第281206号

باش پىلانلىغۇچى: ئىكرام غوپۇر
پىلانلىغۇچى: مۇھەممەت ياسىن
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: غوپۇر نۇردىن تۆلمبۆك
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەنىسا روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرسۇنگۈل قاسىم
رەئىسە تۇرسۇن
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: ئايىنىسا ئوبۇل
سۈرەت بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر: ئابلىز غوجامنىياز
جۇ فاڭ لىيۇ جيەن

**ئىناق ئېكولوگىيە ئابىدىسى — كارىز**

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ ئالتۇن يارۇق باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 6.375
2012 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى 2012 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1161 - 7
باھاسى: 18.00 يۈەن



1. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى باشلاش مۇراسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لىۇ شىنشېڭ قاتارلىق رەھبەرلەر مۇراسىمدا.



2. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت تۇرپاندا كارىزلارنى قوغداشقا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرمەكتە.



3. كارىزلارنى قۇتقۇزۇشقا ئالاھىدە ياردەم بەرگەن پېشقەدەم رەھبەر تۆمۈر داۋامەت تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى يار كەنتىدە رېمونت قىلىنغاندىن كېيىنكى چوڭ كارىزنىڭ سۈيىنى ئىچمەكتە.

4. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شېڭ چۇنشۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي ئىلھام ئوسمان، مۇئاۋىن شۇجى جېڭ چياڭ، مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇر قاتارلىقلار كارىز سەيلىگاھىنى زىيارەت قىلماقتا.





5. پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسى تۆت كارىز كەنتى تۇركارىز مەھەللىسىدىكى دېھقان نىياز ئىمىنىنىياز (سولدا) «تىرىلدۈرۈۋالغان» نىيازباقى كارىزىنىڭ بويىدا.



6. تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسى بەشبالا كارىز كەنتى ساي كارىز مەھەللىسىدىكى ساي كارىزىنىڭ تىلما ئاغزى ۋە كىچىك كارىز كۆلى.



7. تۆمۈر داۋامەت تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئابلا قاسىم، ئىكرام غوپۇرلار بىلەن بىرگە يار يېزىسىدىكى پېشقەدەم كارىزچىلار بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.



1. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى
باشلاش مۇراسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ
سابىق مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لىۇ
شىنشېڭ قاتارلىق رەھبەرلەر مۇراسىمدا.



2. مەملىكەتلىك سىياسىي كې-
ڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت
ئابدۇرېشىت تۇرپاندا كارىزلارنى
قوغداشقا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆر-
مەكتە.



3. كارىزلارنى قۇتقۇزۇشقا ئالا-
ھىدە ياردەم بەرگەن پېشقەدەم رەھ-
بەر تۆمۈر داۋامەت تۇرپان شەھىرى-
نىڭ يار يېزىسى يار كەنتىدە رېمونت
قىلىنغاندىن كېيىنكى چوڭ كارىزنىڭ
سۈيىنى ئىچمەكتە.

4. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شېڭ چۇنشۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي ئىلھام ئوسمان، مۇئاۋىن شۇجى جېڭ چياڭ، مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇر قاتارلىقلار كارىز سەيلىگاھىنى زىيارەت قىلماقتا.





5. پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسى تۆت كارىز كەنتى تۇركارىز مەھەللىسىدىكى دېھقان نىياز ئىمىننىياز (سولدا) «تىرىلدۇرۇۋالغان» نىيازباقى كارىزىنىڭ بويىدا.



6. تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسى بەشبالا كارىز كەنتى ساي كارىز مەھەللىسىدىكى ساي كارىزىنىڭ تىلما ئاغزى ۋە كىچىك كارىز كۆلى.



7. تۆمۈر داۋامەت تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئابلا قاسىم، ئىكرام غوپۇرلار بىلەن بىرگە يار يېزىسىدىكى پېشقەدەم كارىزچىلار بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.




8. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى كا-
رىزلارنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ نەق
مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.




9. ئابىچەشمە كارىز.




10. تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈزۈم-
چىلىك يېزىسى بۇلاق كەنتىدىكى
دېھقانلار ئاخۇن كارىزنى رېمونت قى-
لىش نەق مەيدانىدا سۆيۈملۈك رەھ-
بەر تۆمۈر داۋامەتكە دوپپا كىيدۈ-
رۈپ، ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلماقتا.




11. كارىزلارنى رېمونت قىلىش
نەق مەيداندىن كۆرۈنۈش.




12. تۇرپان شەھىرىدىكى كا-
رىزلارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن تارتىلغان
سۈرىتى — چۈمۈلە ئۇۋىسىدەك، رەت -
رەت جايلاشقان توپا دۆۋىلىرى كارىز
قۇدۇقلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ
ھاياتلىق بۇلىقى ئۆزىنىڭ ئابىھايات
سۈيى بىلەن تۇرپان بوستانلىقىنى
ياشارتىپ كەلمەكتە.




13. تۇرپان شەھىرىنىڭ
يار يېزىسىدىكى كارىزچى دېھ-
قانلار كارىزلارنىڭ لېيىنى
تارتماقتا. تەدبىرلىك كارىز-
چىلار تىراكتورنىڭ چاقى
ئارقىلىق لاي سېۋەتنى تار-
تىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قى-
لىپ، كارىز رېمونت قىلىشتىكى
ئىش ھالقىلىرىنى زور دەر-
جىدە ئاسانلاشتۇردى.







14. ئاپتور ئۆمەرجان سىدىق يار
يېزىسى چاجاڭ كەنتىدىكى كىچىك
كارىزنىڭ ئاستىغا چۈشۈشكە تەي-
يارلانماقتا.

15. كارىز نۆۋەتتە تۇرپاندىكى
ساياھەتچىلىكنىڭ يېڭى ئېشىش نۇق-
تىسىغا ئايلاندى.




16. كارىزلارنىڭ
زەم - زەم سۈيى بول-
غاچقىلا، تۇرپان ئۈ-
زۈملىرى شېرىن -
شەربەت تەمگە ۋە ئى-
دىقۇت ۋادىسىنى يې-
شىللىققا پۈركىگەن
كۆلەمگە ئىگە بولغان.



8. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى كارىزلارنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ نەق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.



9. ئابىچەشمە كارىز.



10. تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈزۈمچىلىك يېزىسى بۇلاق كەنتىدىكى دېھقانلار ئاخۇن كارىزنى رېمونت قىلىش نەق مەيدانىدا سۆيۈملۈك رەھبەر تۆمۈر داۋامەتكە دوپپا كىيدۈرۈپ، ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلماقتا.



11. كارىزلارنى رېمونت قىلىش نەق مەيداندىن كۆرۈنۈش.



12. تۇرپان شەھىرىدىكى كارىزلارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن تارتىلغان سۈرىتى ـــ چۈمۈلە ئۇۋىسىدەك، رەت - رەت جايلاشقان تۇپا دۆۋىلىرى كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ ھاياتلىق بۇلىقى ئۆزىنىڭ ئابىھايات سۈيى بىلەن تۇرپان بوستانلىقىنى ياشارتىپ كەلمەكتە.




13. تۇرپان شەھرىنىڭ
يار يېزىسىدىكى كارىزچى دېھ-
قانلار كارىزلارنىڭ لېيىنى
تارتماقتا. تەدبىرلىك كارىز-
چىلار تىراكتورنىڭ چاقى
ئارقىلىق لاي سېۋىتىنى تار-
تىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قى-
لىپ،كارىز رېمونت قىلىشتىكى
ئىش ھالقىلىرىنى زور دەرى-
جىدە ئاسانلاشتۇردى.







15. كارىز نۆۋەتتە تۇرپاندىكى
ساياھەتچىلىكنىڭ يېڭى ئېچىش نۇق-
تىسىغا ئايلاندى.

14. ئاپتور ئۆمەرجان سىدىق يار
يېزىسى چاجاڭ كەنتىدىكى كىچىك
كارىزنىڭ ئاستىغا چۈشۈشكە تەي-
يارلانماقتا.

16. كارىزلارنىڭ
زەم - زەم سۈيى بول-
غاچقىلا، تۇرپان ئۈ-
زۈملىرى شېرىن -
شەربەت تەمگە ۋە ئى-
دىقۇت ۋادىسىنى يې-
شىللىققا پۈركىگەن
كۆلەمگە ئىگە بولغان.



# كىرىش سۆز

يىراق سەھرادا تۇغۇلۇپ، كارىز بويلىرىدا ئويناپ چوڭ بولغان، كارىز ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ ئۆسۈپ يېتىلگەن بولغاچقىمۇ كارىزنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتىم، ئەسلىدىنلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە، ئاخبارات يېزىقچىلىقىغا چوڭقۇر ئىشتىياقىم بولغاچقا ھەم تەشۋىقات، ئاخبارات ئورگىنىدا ئىشلەپ قالغاچقا، تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان بارلىق مىراسلارغا چوڭقۇر رىشتە باغلاپ ئۆسۈپ يېتىلدىم. ئىلمىي سۇ ئىنشائاتى ئابىدىسى كارىز ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدەنىيەت پىرامىداسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھەببىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئون نەچچە يىللىق ئاخبارات خىزمىتى ھاياتىمدا بۇ قىزىقىشىمنىڭ تۈرتكىسىدە تەبىئىيلا كارىزلارنى كۆپرەك زىيارەت قىلدىم، بۇ ھەقتىكى ماقالىلەرنى سۆيۈنۈش ئىچىدە يازدىم. ھەر قېتىم كارىزلارنىڭ كۆۋەجەپ ئېقىپ تۇرغان سۇلىرىنى، بۈك - باراقسانلىققا، قايناق ھايات مەنزىرىسىگە تولغان كارىزكۆلى بويلىرىنى كۆرگىنىمدە چەكسىز ھاياجانغا چۆمدۈم، قۇرۇپ تاشلىنىپ ياتقان كارىزلارنى ئۇچراتقىنىمدا ئاچچىق ئېچىنىش تۇيغۇسىغا ئەسىر بولدۇم... مانا ئەمدى كارىزلار يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كارىزلارنىڭ ئىناق ئېكولوگىيە بەرپا قىلىشتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ۋە

هازىرمۇ توختاۋسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان پېشقەدەم رەھبەر تۆمۈر داۋامەتنىڭ كۈچ چىقىرىشى، ماسلاشتۇرۇشى بىلەن مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىق، تارماقلار كارىزلارنى قۇتقۇزۇشنى ئۇزۇن مۇددەتلىك قۇرۇلۇش پىلانى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، زور تۈركۈمدە مەبلەغ ئاجراتتى. تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىكرام غوپۇرنىڭ باشچىلىقىدا كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ۋە بۇ شانلىق مەدەنىيەت مىراسىنى قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلەندى. مەن تۇرپان ۋىلايەتلىك كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇرنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى، «تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا «ئىناق ئېكولوگىيە ئابىدىسى — كارىز»، «كارىزلارنىڭ يېڭى باھارى» ناملىق بىر يۈرۈش چاتما ماقالىلەرنى يازدىم، بۇ ماقالىلەر گېزىتىمىزدە ئۇلاپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ياخشى ئىنكاس قوزغاپ، دېھقانلارنىڭ كارىزلارغا ئىشلەش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كارىزلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىلدى. مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇرنىڭ تەشەببۇسى ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن ئىلگىرى ۋە ھازىر يازغان كارىز ھەققىدىكى ماقالىلىرىمنى قوشۇپ، قايتىدىن پىششىقلاپ، «ئىناق ئېكولوگىيە ئابىدىسى — كارىز»ناملىق بۇ كىتابىمنى ھۆزۈرۈڭلارغا سۇندۇم. كىتابىم نۆۋەتتىكى كارىزلارنى قۇتقۇزۇش

قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كىچىككىنە ھەسسە بولۇپ قوشۇلسا، كارىزسۆيەر خەلققە ئازراق بولسىمۇ ئىلھام بېرەلىسە، ئۆزۈمنى بەختىيار ھېس قىلىمەن. كىتابنى تەييارلاشتا تونۇلغان ئەدەبىي تەرجىمان، كارىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرگەن كارىز تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى غوپۇر نۇرىدىن تۆلىمبۆكىنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى — كارىز» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى 11 - ئايدا نەشر قىلغان)، پىچانلىق پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇل ھەمدۇل نىيازنىڭ «ئۇلۇغ كەشپىيات — كارىز»(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئايدا نەشر قىلغان)ناملىق كىتابلىرى پايدىلىنىشىم ئۈچۈن مۇھىم مەنبە بولدى؛ غوپۇر نۇرىدىن تۆلىمبۆك كىتابىمنىڭ ئارگىنالىنى كۆرۈپ، قىممەتلىك پىكىرلەرنى بېرىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بەردى. بۇ ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن، كىتابىمدا بىر قىسىم نۇقسانلار بولۇشى مۇمكىن، كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

— ئاپتوردىن

2010 - يىلى فېۋرال، تۇرپان

# كارىز خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن

(مۇقەددىمە ئورنىدا)

تۆمۈر داۋامەت (مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى)



كارىز — بۈيۈك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، دۇنياۋى مەدەنىيەت ئابىدىسى، تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى. ئۇ، ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تۇرپاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مەيدانغا كەلتۈرگەن مۆجىزىۋى قۇرۇلۇش. كارىز تۇرپاننىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كارىزلارنىڭ تارىخىي، مەدەنىيەت قىممىتىنى، ساياھەتچىلىكتىكى ئەھمىيىتىنى، بولۇپمۇ ئىناق ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش، سۇ تېجەشچان جەمئىيەت قۇرۇش، سۇ مەنبەلىرىنى ئىلمىي كۆپەيتىشتىكى رولىنى تونۇپ يېتىپ، كارىزلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇتقۇزۇش، رېمونت قىلىشقا زور سومىمدا مەبلەغ ئاجراتتى. نۆۋەتتە، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى يېزا - بازارلىرىدا كارىزلارنى قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

كارىز ئۆزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تۇرپاننىڭ تەرەققىياتى بىلەن، تۇرپان خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، بۇ يەردىكى خەلق كارىزنى ئىنتايىن چوڭ بىلىدۇ، قەدىرلەيدۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدۇ. كارىز يەنە نۆۋەتتە پارتىيەمىز تەكىتلەۋاتقان ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات، ئىناق ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش چاقىرىقىغىمۇ ئۇيغۇن، شۇڭا نۆۋەتتىكى كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا قارىتا دېھقانلارنىڭ قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. ئەمدىكى گەپ، بۇ قۇرۇلۇشنى ئىلمىي، يۇقىرى سۈپەتلىك ئېلىپ بېرىشتا، ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرۇشتا قالدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار چوقۇم كارىز قۇرۇلۇشىدىكى ھەر قايسى ئىش ھالقىلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەبلەغنى تېجەپ ۋە ئۈز جايىغا ئىشلىتىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، كارىزدىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت مىراسنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ نامايان قىلىشى كېرەك. يازغۇچى ئۆمەرجان سىدىق يازغان «ئىناق ئېكولوگىيە ئابىدىسى — كارىز» ناملىق بۇ كىتاب نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى ياخشى تەشۋىقات مۇھىتى بىلەن تەمىنلەش، كەڭ خەلق ئاممىسىنى كارىزلار ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش، دېھقانلارنىڭ كارىز ئەمگىكى قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش، جەمئىيەتتە كارىزلارغا ھەممە ئادەم ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان كەيپىياتنى تۇرغۇزۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى.

2010 - يىلى 3 - ئاي

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب پارتىيە، ھۆكۈمەت كارىزلارنى قوغداشقا كۆڭۈل بۆلدى** ······ 1
1. رەھبەرلەرنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرى ······ 1
«كارىز — قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراس» ······ 1
كارىز — ۋەتىنىمىزنىڭ داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ······ 5
كارىز — ھاياتلىق بۇلىقى ······ 10
كارىز — مۆجىزىلىك كەشپىيات ······ 14
كارىزلارنى قوغداش — بىر تۈرلۈك ئەلرايى قۇرۇلۇشى ······ 18
2. كارىزلارنى قوغداشتىكى مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى ······ 24
شەن جىشياڭ كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى ······ 24
تۆمۈر داۋامەت تەبرىك خېتى ئەۋەتتى ······ 26
كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى باشلاندى ··· 27
ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەر كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى ······ 28
كارىز قېزىش ئەسلىھەلىرى تارقىتىلدى ······ 29
رەھبەرلەر كارىزلارنى مۇستەھكەملەش، رېمونت قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى ······ 30
ئابلەت ئابدۇرېشىت تۇرپان ۋىلايىتىدە كارىزلارنى تەكشۈردى ··· 31
شەن جىشياڭ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى ······ 35

**ئىككىنچى باب ئىناق ئېكولوگىيە ئابىدىسى ــ كارىز ……… 38**
مۇقەددىمە …………………………………… 38
كارىزنىڭ ئىلمىي قىممىتى ……………………… 39
كارىزلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى …………………… 43
كارىز خەلقىمىز ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ……… 45
كارىزلارنىڭ ئۆزگىرىش مۇساپىسى …………………… 47
كارىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە تارىخىي قىممىتى ……………… 51
كارىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قىممىتى ……………… 53
كارىزنىڭ ئېكولوگىيە مەنزىرىسىدىكى ئەھمىيىتى ……… 55
كارىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك سىستېمىدىكى رولى …………… 59
كارىز بىلەن تەبىئىي ئېكولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتى ……… 60
بوروۋوي قۇدۇقلىرى ۋە نامۇۋاپىق سۇ ئىشلىتىشنىڭ كارىزلارغا
بولغان تەسىرى ……………………………… 63
كارىزنىڭ ئۆزىدىكى نۇقسانلارنىڭ تەسىرى ……………… 65
كارىز مەھەللىلىرى …………………………… 67
كارىزلارنىڭ ئەۋزەللىكى ………………………… 69
كارىز بويىدىكى قايناق ھايات ……………………… 72
كارىزنى يېڭىچە قوغداش ………………………… 74
كارىز ئابىدىسى ــ كارىز سەيلىگاھى ………………… 76
كارىزلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا ……………………… 79
كارىز دېھقانلارنىڭ جان تومۇرى …………………… 82
كارىزلارنى قوغداشنىڭ قانۇنىي كاپالىتى ……………… 84
كارىزلارنى قوغداش تەپەككۇرى ……………………… 86
كارىزلارنى قوغداش، پايدىلىنىش ئەھدىنامىسى ………… 89
**ئۈچىنچى باب دېھقانلارنىڭ كارىز مۇھەببىتى ………… 92**
ياشارغان كارىزلار …………………………… 92
كارىز بىلەن كۆكلىگەن زېمىن ……………………… 98

كارىزچى ئەجدادلار ........................ 100
كارىز چېپىش تېخنىكىسى ........................ 102
ياقا كارىز كەنتىدىكى كارىزلار ........................ 104
هاياتلىق بۇلىقىنى ياشارتقۇچى ........................ 106
كارىزنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلگۈسى ........................ 109
ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۇ ــ كۆز يېشىمىز بولۇپ قالمىسۇن ... 111
نىياز ئىمىنىنىياز بىر كارىزنى تىرىلدۈردى ........................ 122
كارىز مۇھەببىتى ........................ 126
**تۆتىنچى باب كارىزلارنىڭ يېڭى باھارى** ........................ 135
كارىز ھاياتلىق ........................ 135
كارىزدىكى ھېكمەت ........................ 138
بالىلىقتىكى كارىز چۈشەنچەم ........................ 141
پېشقەدەم رەھبەرنىڭ تۆھپىسى ........................ 144
كارىزلارنى قوغداش قورۇلۇشى ........................ 153
دېھقانلارنىڭ كارىزلارنى قوغداش قىزغىنلىقى يۇقىرى ... 155
كارىز بېشىدا ئەمگەك ناخشىسى ........................ 158
كارىز ئاستىدا ........................ 162
**بەشىنچى باب كارىز رىۋايەتلىرى ۋە قوشاقلىرى** ........................ 166
كارىز ھەققىدە رىۋايەتلەر ........................ 166
كارىز ھەققىدە قوشاقلار ........................ 178
قوشۇمچە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارىزنى قوغداش
نىزامى ........................ 183
خاتىمە ........................ 192

# بىرىنچى باب پارتىيە، ھۆكۈمەت كارىزلارنى قوغداشقا كۆڭۈل بۆلدى

## 1. رەھبەرلەرنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرى

### «كارىز ــ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراس»

تۆمۈر داۋامەت (مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى)

رەھبەرلەر، مېھمانلار، يولداشلار ياخشىمۇسىزلەر!

بۈگۈن شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كۈن. چۈنكى، بۈگۈندىن باشلاپ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلىنىدۇ. بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى كارىزلارنى ئەڭ چوڭ كۆلەمدە قوغداش قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئارزۇيىمىز ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن شىنجاڭدىن چىققان دۆلەت كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۇرتىمىزدىكى ھەرمىللەت ئاممىسىغا ۋاكالىتەن شىنجاڭدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش خىزمىتىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ۋە ياردەم بەرگەن دۆلەت تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىغا ھەمدە سابىق مۇئاۋىن

مۇدىر يولداش ليۇ جاڭغا، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىغا، جۈملىدىن ئىدارە باشلىقى شەن جىشياڭغا چىن كۆڭلۈمدىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن! شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا جاپالىق قان - تەر ئاققۇزغان ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرى، سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە كارىز ئەترەتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى مەن شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىمۇ داۋاملىق تەكلىپ، تەۋسىيە بېرىپ، كارىزلارنى

قوغداشنى مۇراجىئەت قىلغان ئىدى. مەنمۇ ئىزچىل تۈردە شىنجاڭدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىم ھەمدە بۇ خىزمەتنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللاپ كەلدىم. كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن ئاپتونوم رايوندا شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارىزلارنى قوغداش نىزامى» ئېلان قىلىنىپ، يولغا قويۇلۇپ، كارىزلارنى قوغداش خىزمىتى تەدرىجىي قانۇن - تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىش ئىزىغا چۈشتى. مەبلەغ ۋە تېخنىكا قاتارلىق سەۋەبلەردىن كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما ئىزچىل ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ، رېمونت قىلىپ كەلگەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشى كۆپ بولماي، چوڭ دائىرىدە قوغداش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بەكلا تەس بولۇپ قالغانىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نۇقتىسىدىن كارىزلارنى قوغداش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كارىزدىن ئىبارەت يەر ئاستى سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى كەينى - كەينىدىن دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى زاپاس تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىدە نۇقتىلىق ھەل قىلىدىغان مەسىلە قاتارىغا كىرگۈزۈپ، كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى دەللەش، بۇ جەھەتتە تەربىيەلەش، تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى تەشكىللەپ يولغا

قويۇپ، كارىزلارنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدىكى مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى تەدرىجىي ھەل قىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

ئەلۋەتتە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى بىر تەرەپتىن، كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىگە نىسبەتەن ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان پۇرسەت، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق سىناق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئادەمنى ئاساس قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئىدىيەسى بىلەن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە پايدىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت بىلەن زامانىۋى تېخنىكا ئۈزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئاسراش، مۇستەھكەملەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە بىر تۈرلۈك نادىر قۇرۇلۇش، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش سۈپىتىدە ياخشى ئىشلەپ، ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان بۇ «جانلىق» مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ ۋە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن شىنجاڭدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش خىزمىتى چوقۇم كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە

ئېرىشىدۇ.

ئاخىردا، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك باشلانغانلىقىنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن !

2009 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

## كارىز ــ ۋەتىنىمىزنىڭ داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى

شەن جىشياڭ (دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

ھۆرمەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، ھەرقايسى رەھبەرلەر، مېھمانلار، يولداشلار، ياخشىمۇسىزلەر!

بىز بۈگۈن بۇ يەرگە يىغىلىپ تەنتەنىلىك ھالدا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىغا ئورتاق شاھىد بولۇپ تۇرماقتىمىز. ئالدى بىلەن مەن دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ باشلانغانلىقىنى قىزغىن مۇبارەكلەيمەن! مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ شۇنچە ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ بەرگەنلىكىگە، شۇنداقلا ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە يۈكسەك كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە قوللاپ كەلگەنلىكىگە سەمىمىي

مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن! كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! تۇرپاندىكى كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدىغان ھەر قايسى ئىدارە (ئورۇن) ۋە بارلىق خادىملارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن !

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ، تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت بايلىقى مول ھەم ئۆزگىچە رايون. بۇ قېتىم قۇرۇلۇش باشلانغان كارىز دەل مۇشۇلار ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر. جۇغراپىيەشۇناس ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر كارىزغا «يەر ئاستى قانىلى» دەپ نام بېرىپ، ئۇنى سەددىچىن سېپىلى، بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇشى دەپ



دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ
پېشقەدەم كارىزچىلار بىلەن بىللە

ئاتىغان. كارىز ـــ قەدىمدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە بوستانلىقنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تۈۋرۈككە ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىكنى تولۇق نامايان قىلىپ كەلدى. ئۇ، ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەتنىڭ شاھىدى ھەم مەھسۇلى، شۇنداقلا ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت مىراسى.

نۆۋەتتە، يەر شارى كىلىماتىنىڭ تەدرىجىي ئىسسىپ بېرىشى، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىشى ھەم ئېكولوگىيە بايلىقلىرىنىڭ كۆنسايىن خورىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ئىنتايىن زور خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا مۇشۇنداق پەيتتە، ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى دانىيە پايتەختى كوپېنھاگىندا «ب د ت نىڭ يەرشارى كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىش يىغىنى» غا قاتنىشىپ، يەرشارى كىلىماتىنىڭ ئىسسىپ كېتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر نەزەرىنى بۇ يەرگە ئاغدۇرۇشى كېرەك. چۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان ۋىلايىتى ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ئەمەلىي شارائىتقا ماسلاشتۇرۇپ، كارىزدىن ئىبارەت مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، كىلىمات ئۆزگىرىشىدىكى خەۋپنى تۈگىتىش يولىنى تېپىپ چىقتى. يەنە كېلىپ، كارىز ـــ ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك خەلقىنىڭ تەبىئەتكە، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا يارىتىلغان كەلتۈرگەن ئۇلۇغ كەشپىياتى، شۇنداقلا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەڭ يارقىن شەكلى. كارىز ئارقىلىق روياپقا چىققان ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئۇقۇمى

ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىدىكى تىپىك ئۈلگە بولۇپ قالغۇسى. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى باشلىشى ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ تۇرپاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇزاقتىن بۇيان، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى شىنجاڭدىكى كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە پائال ئىزدىنىپ، كارىزلارنى قوغداش جەھەتتە ئۆزگىچە پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. كارىزدىن ئىبارەت ئالاھىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا نوقۇل تېنچ ھالەتتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش شەكلىنى تەدبىقلاشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدا نۇرغۇن تارماقنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تارماقلىرى بىلەن سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلىشى تولىمۇ زۆرۈر. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تارماقلىرى بىلەن سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى يېقىندىن پائال ماسلىشىپ، ئەڭ ياخشى ھەمكارلىشىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ، بىرلىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، يەرلىكتىكى ئەڭ كەڭ خەلقنى كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئۇرغۇتۇپ ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەرلىكتىكى ھۈنەرۋەن - ئۇستىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ۋە شەكىلدە كارىزلارنى ئۆزلۈكىدىن قۇتقۇزۇشىغا پائال ئىلھام بېرىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ھەم خىراجەتنى تېجەپ، ئامىمىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغىلى، كارىزلارنى قوغداش، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدىن يەرلىكتىكى ئەڭ كەڭ خەلقنى بىۋاستە نەپكە ئىگە قىلغىلى، ھەم كارىزنىڭ تارىخىي ئەسلى ھالىتىنى ئەڭ زور چەكتە ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەل ئارىسىدا كارىزلارنى قوغداش ئىشلىرى ئەزەلدىن توختاپ قالغىنى يوق. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىنغان كارىزنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىدا چوقۇم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەسلىي ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، ئەسلىي قىياپىتىنى ئەڭ زور چەكتە ساقلاپ قېلىش ھەم كارىزدا بولىدىغان بارلىق ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش — بۇ قۇرۇلۇشنى تارىخ ۋە خەلق ئامىمىسىنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سۈپەتلىك قۇرۇلۇش ۋە خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئاخىردا، مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تارماقلىرى بىلەن سۇ ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى قوغداش، رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش

قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۇنۇمىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن! تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇڭۇشلۇق باشلىنىشىغا تىلەكداشمەن!

2009 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

## كارىز — ھاياتلىق بۇلىقى

تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

ھۆرمەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ، يولداشلار، دوستلار:

بىز بۈگۈن بۇ يەرگە يىغىلىپ تەنتەنىلىك ھالدا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىغا ئورتاق شاھىد بولۇپ تۇرماقتىمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ بەرگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى

بىلدۈرمەن ! كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش
قۇرۇلۇشىغا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۈزۈكسىز تىرىشچانلىق
كۆرسىتىۋاتقان تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنى
ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى قىزغىن مۇبارەكلەيمەن !
كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل
بۆلگەن، قوللىغان جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلەرگە چوڭقۇر
مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن !

شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ چۆل - جەزىرىدىكى ھاياتلىق بۇلد-
قى دېگەن نامى بار بولۇپ، خەن سۇلالىسىدىن ھازىرغا قەدەر
2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن. سەددىچىن
سېپىلى، بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى بىلەن قوشۇلۇپ، جۇڭگونىڭ
قەدىمكى دەۋرىدىكى ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇش دەپ ئاتىلىدۇ. كارىز —
بىر خىل ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەر ئاستى سۇ ئىنشائاتى
قۇرۇلۇشى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىنتايىن مول، چوڭقۇر
مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەدەنى-
يەت مىراسى بولۇش سۈپى-
تى بىلەن، ئۇ ۋەكىللىك
قىلىدىغان ئىنسانىيەتنىڭ
ئالاھىدە مەدەنىيەت روھى
جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە-
نىڭ يۇكسەك دىققەت - ئې-
تىبارىغا ئېرىشتى. شۇنداق
دېيىشكە بولىدۇكى، كارىز
بولمىغان بولسا تۇرپانمۇ
بولمىغان، شۇنداقلا بوس-
تانلىق مەدەنىيىتىمۇ بول-



مىنغان بولاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېكولوگىيەلىك مۇ- ھىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يامانلىشىشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زىيادە كۆپ مىقداردا تارتىلىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، كا- رىزلارنىڭ سۈيى قۇرۇپ، سانى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇ- شى نۆۋەتتىكى تەخىرسىز، جىددىي ۋەزىپىگە ئايلاندى.

كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا، شۇنداقلا تۇرپاندىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان بولغاچقا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. 2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، كارىز يەر ئاستى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، كارىز «جۇڭگونىڭ دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى قاتارىدا يوللايدىغان تەييارلىق تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ئۇزاقتىن بۇيان كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىدىكى تۈر تۇرغۇزۇش، مەبلەغ ئاجرىتىش ۋە دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىلتىماس قىلىش قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە خىزمەتلەرنى يېقىندىن قوللىدى، ماسلاشتۇردى ھەم ياردەمدە بولدى. 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي ۋە 2009 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ ئىلگىرى ـ كېيىن ئىككى قېتىم تۇرپانغا كېلىپ مەخسۇس كارىزلارنى تەكشۈرۈپ، كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش ھەم ئۇنىڭدىن

پايدىلىنىش خىزمىتىگە تەكلىپ ـ پىكىر بېرىپ، نىشان كۆرسىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى، قوللىشى بىلەن، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئەتراپلىق تەشكىللىشى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، سۇ ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىشى ئارقىسىدا، كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى بۈگۈن رەسمىي باشلاندى.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ــ شىنجاڭ كارىزلىرى تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، دائىرىسى ئەڭ كەڭ، قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بىر قېتىملىق مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلىنىشى ــ كارىزلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم ئابىدە. ئۇ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئېقىپ كېلىۋاتقان تەڭرىتېغىنىڭ ئېرىگەن قار ـ مۇز سۈيىنى تېخىمۇ سۈپسۈزۈك ھەم تاتلىق قىلىدۇ؛ قەدىمكى يىپەك يولىغا جايلاشقان بۇ سىرلىق بوستانلىققا يېڭىچە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىپ، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تېخىمۇ ئىناق بولغان، ئىقتىسادىي تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان يېڭى ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا تىلەكداشمەن !

2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# كارىز — مۆجىزىلىك كەشپىيات

ئىلھام ئوسمان (تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي )

ھۆرمەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا، ھەر قايسى رەھبەرلەر، يولداشلار ياخشىمۇسىزلەر!

بۈگۈن بىز بۇ يەرگە جەم بولۇپ تەنتەنىلىك ھالدا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى رەسمىي باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن مۇراسىمغا قاتناشقان بارلىق رەھبەرلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن! كۆپچىلىكنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان تۇرپان كارىزلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە ۋە يېقىندىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

كارىز قۇرغاق رايوندا ياشايدىغان ئىنسانلار پائالىيىتىدىكى بىر مۆجىزىلىك كەشپىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن، قۇرغاق رايون، بوستانلىق ھېسابلىنىدىغان تۇرپاننىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى ئابىدىگە ئايلاندى. كارىزدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ كەشپىيات بولغاچقىلا، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بوستانلىق مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىپ، تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ شىنجاڭدىكى بىرىكىشى

ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلار تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، شانلىق تارىخ يارىتىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كارىز — تۇرپان خەلقىنىڭ ھاياتلىق بۇلىقى، تەرەققىيات كۈچى، مەدەنىيەت ئاساسى. قەدىمدىن ھازىرغىچە، كارىز تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلار تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ بارغانسېرى تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كارىزلارنىڭ سانى ۋە سۇ مىقدارى تەدرىجىي ئازىيىپ باردى. 2009 ـ يىلىغا قەدەر، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى كارىزلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1079 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇيى بار كارىز 238 گە چۈشۈپ قالدى. شۇڭا كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۇرپان ۋىلايىتى كارىزلارنى قۇتقۇزۇش، رېمونت قىلىش، قوغداش خىزمىتى سالمىقىنى زورايتتى. بولۇپمۇ دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ھەم قوللىشى ئارقىسىدا، كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. تېگىنى ئېنىقلاش چىڭ تۇتۇلدى. 2002 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2003 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە شىنجاڭ كارىزلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «كارىزلارنى قوغداش پىلانى دوكلاتى» نى تۈزۈپ، كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

2. ئاپپاراتلار مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1992 ـ يىلى كارىز قۇرۇلۇشى كۆرگەزمە رايونى سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. 2006 ـ يىلى، كارىز «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلىپ، «جۇڭگونىڭ دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى قاتارىدا يوللايدىغان تەييارلىق تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى تۇرپان ۋىلايىتى باشچىلىق قىلىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو شىنجاڭ كارىزلىرىنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسىغا ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» بولۇپ تەشكىللەندى. 2006 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارىزلارنى قوغداش نىزامى» رەسمىي يولغا قويۇلدى. 2009 ـ يىلى، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەردە كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى.

3. قوغداش خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋىلايىتىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن «سۇ تېجەش تېپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» قاتارلىق بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. 2005 ـ يىلى، ۋىلايىتىمىز سىناق تەرىقىسىدە ئۈچ كارىزنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى قىلدى. 2007 ـ يىلى، «شىنجاڭ كارىزلىرىنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشىدىكى جىددىي ئەھۋالدا يولغا قويۇلىدىغان لايىھەسى»، «شىنجاڭ كارىزلىرىنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش پىلانىنىڭ 1 ـ قارارلىق تۈرى. 2006 ـ يىلىدىكى قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاتارلىقلارنى تۈزدى.

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ سەممىي كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى ئارقىسىدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ كارىزلارنى قوغداش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ يىل 3 - ئايدا، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تەشكىللىگەن «شىنجاڭ كارىزلىرىنى قوغداش ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى» ۋىلايىتىمىزدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كارىزنىڭ لاي - لاتقىلىرىنى تازىلاپ، سۇيىنى راۋانلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان غوللۇق خادىملار مەركەزلىك تەربىيەلەندى ھەم ئۇلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى؛ ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى كارىزنىڭ لاي - لاتقىسىنى تازىلاپ، سۇيىنى راۋانلاشتۇرۇش ئەترەتلىرى خادىملىرىنى كۇرسقا تەشكىللەش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىشلەندى. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بېيجىڭدىكى «چىڭخۇا شەھەر پىلانلاش، لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى» بىلەن بىرلىكتە «تۇرپان كارىزلىرى يەر ئاستى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى قوغداش ئومۇمىي پىلانى» نى تۈزدى. 2009 - يىلى 11 - ئايدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ 1 - يىغىنىدا كارىزلارنى مۇستەھكەملەشكە ئائىت پىلان لايىھەسى توغرىسىدا ئىسپات ئېلىندى. ئالدىنئالا رېمونت قىلىنىدىغان 30 كارىزنىڭ تىزىملىكى بىلەن كارىزنى رېمونت قىلغۇچىلار مۇقىملىنىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلىنىشىغا پۇختا ئاساس سېلىندى.

بىز چوقۇم كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي، يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «ھەممىدە پۇقرالارغا بەخت يارىتىش» نى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىنى بىرىنچى

مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان بۇ قۇرۇلۇشنى ياخشى ئىشلەيمىز.

ئاخىردا، كۆپچىلىكنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن!

2009 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

**كارىزلارنى قوغداش — بىر تۈرلۈك ئەلرايى قۇرۇلۇشى**

(تۇرپان ۋىلايەتلىك كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز)

ئىكرام غوپۇر (تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، يولداشلار ياخشىمۇسىزلەر!

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىشى ئارقىسىدا، كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى قارارلىق خىزمىتى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەپ، باسقۇچ خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈردۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن، كۆپچىلىكنىڭ پائال تىرىشقانلىقىدىن بولغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن ۋىلايەتلىك

پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! نۆۋەتتە، كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتى نەق مەيدان قۇرۇلۇشىدىكى ماھىيەتلىك باسقۇچقا كىردى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر پات ئارىدا توختام ئىمزالايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر خېلى مۇرەككەپ. شۇڭا كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتە ئويلىغان بىر نەچچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

1. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتى — بىر تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش. مەيلى ۋەزىپە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ۋاقىت جەھەتتىن بولسۇن، بۇ خىزمەتنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تاماملاپ بولغىلى بولمايدۇ. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ، بولۇپمۇ بۇ قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ھەم مۇئەييەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان رەھبىرىي يولداشلارنىڭ نازارەتچىلىك، رەھبەرلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەر قايسى ھالقىلارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆتكەلنى قاتلاممۇ قاتلام ئىگىلەپ، ياخشى خىزمەت ھالىتىنى داۋاملىق ساقلىشى، مەغرۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قوغداش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلىپى بىلەن ۋىلايەتلىك كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، بۇ تۈرلۈك قۇرۇلۇشنىڭ تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتىنى داۋاملىق

ياخشى ئىشلىشى كېرەك. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەلەر بۇ قۇرۇلۇشقا پائال قاتنىشىپ، ھەر قايسى مۇناسىۋەتلەرنى يۇرۇشلەشتۇرۇشى، پۇختا ئىلگىرىلەپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇرلۇك ۋەزىپىلىرىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، تۇرپاندىكى ھەرمىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشى كېرەك.

2. ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئۇزاقتىن بۇيان، بىخەتەرلىك خىزمىتى — بىز قانات يايدۇرۇۋاتقان تۇرلۇك خىزمەتلەرنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى بولۇپ كەلدى. كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى خىزمىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇگۈنمۇ بۇ يەردە مەن كۆپچىلىككە بىخەتەرلىك خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى بىخەتەرلىككە سەل قاراش سەۋەبىدىن ھادىسە كېلىپ چىقسا، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى، جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى مۆلچەرلىگۈسىز زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، كۆپچىلىك بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، قۇرۇلۇش قىلغاندا بىخەتەرلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، بىخەتەرلىك خىزمىتىدىكى ئالدىنى ئېلىش ۋە نازارەت قىلىشنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەپ، يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىكى بىخەتەرلىككە ئائىت جىددىي ئەھۋال لايىھەلىرىنى تۈزۈشى، كۆز بويامچىلىق، شەكىلۋازلىقتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ھەر قايسى ھالقىلاردا يوچۇق قالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ئىگىنى كۈچەيتىپ، رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، مەسىلە كۆرۈلسە مەسئۇلىيەتنى دەرىجىمۇ دەرىجە سۈرۈشتۈرۈپ قاتتىق

بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

3. ئۇنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك. كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى گەرچە خەلققە



نەپ يەتكۈزۈشتىكى بىر تۈرلۈك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان، جاپالىق قۇرۇلۇش بولسىمۇ، بىراق بۇ قۇرۇلۇشنىڭ چەكسىز ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا، ئەترابىمىزدىكى ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ، قۇرۇلۇشنى كەينىگە سۈرۈۋېتىشكە، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇشقا، ئۆز مەيلىچە قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار يەنىلا نازارەتچىلىك سالمىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، مەخسۇس خادىملارنى دوكلات ئاڭلاشقا، قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە قەرەللىك تەشكىللىشى، كۆڭۈلدە سان بولۇشى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە ياخشى ھەيدەكچىلىك قىلىپ،

ۋىلايىتىمىزنىڭ بۇ يىللىق كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى سۈپەتلىك تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

4. پۈتۈن كۈچ بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھازىر ۋىلايىتىمىزنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش خىزمىتى كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ پىلان تەلىپىگە ئاساسلانغاندا، مۆلچەرلىنىشىچە 2011 - يىلى ئىككىنچى تۈركۈمدىكى كارىزلارنى قوغداش، رېمونت قىلىش خىزمىتى باشلىنىدۇ. بۇ، ۋىلايىتىمىز خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ياخشى ئىش، شۇنداقلا تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت. شۇڭا مەن كۆپچىلىكنىڭ ئىلگىرىكى ياخشى روھىي ھالەتنى ساقلاپ، ۋىلايەتلىك كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، مۇددەتتىن بۇرۇن قول سېلىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، 2011 - يىلى باشلىنىدىغان ئىككىنچى تۈركۈمدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا مۇستەھكەم ئۇل سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

5. ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تەڭ كۈچ چىقىرىپ مەزكۇر قۇرۇلۇشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ۋىلايىتىمىزدە كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن

پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، بۇ قۇرۇلۇشنى پىلانلاش، لايىھەلەش ۋە يولغا قويۇشقا قاتناشقان ھەر قايسى ئورۇن (تارماق) لار مەيلى تۇرپان تەۋەسىدە بولسۇن، مەيلى تۇرپاننىڭ سىرتىدا بولسۇن، زور كۈچ چىقىرىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى، بولۇپمۇ بىر قىسىم ماتېرىياللارنى تۈزۈش جەريانىدا تەننەرخ، بايلىق تېجەش جەھەتتە كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئىشىنىمەنكى، تۇرپان خەلقى سىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بىراق شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، پۈتكۈل لايىھەلەش، پىلانلاش ۋە ماتېرىيال تۈزۈش خىزمىتىدە يەنىلا ساقلانغان مەسىلىلەر، قۇرۇلۇش تەلىپىگە يەتمىگەن تەرەپلەر بار. شۇڭا مەن كۆپچىلىكنىڭ قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ھەر قايسى ئىدارە (ئورۇن) لەرنىڭ كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خىزمەتتىكى ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىلگىرىلەش داۋامىدا تۈزىتىپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق كارىزلانى قوغداش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، تۇرپان خەلقىگە بەخت يارىتىشىنى، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار، ئۆتكەن بىر يىلغا نەزەر سالساق، روھىمىزنىڭ تېتىك، كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنە بىر يېڭى يىلدا مەن يەنىلا كۆپچىلىكنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋىلايەتلىك كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تۈرلۈك قارار، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ كارىزلارنى قوغداش ۋە

ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلىشىنى، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا، ۋىلايىتىمىز ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىردا شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى، ۋىلايەتلىك كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ تىرىشىشى، شۇنداقلا ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى، ماسلىشىشى ئارقىسىدا، بۇ يىلقى كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى چوقۇم ئۆز قەرەلىدە غەلىبىلىك تاماملىنىپ، 2011 ـ يىلىدىكى 2 ـ تۈركۈمدىكى كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىمۇ چوقۇم تېخىمۇ ياخشى، ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىدۇ!

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

## 2. كارىزلارنى قوغداشتىكى مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى

### شەن جىشياڭ كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تۇرپان ۋىلايىتىدە شىنجاڭ كارىزلىرىنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى. 2009 ـ يىلى 19 ـ مارت، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ

كۆرسانتلارغا كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

شەن جىشياڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تۇرپاندىكى كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق قىدىرىپ تەكشۈرۈش، باھالاش، ئۆلچەش، لايىھەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش؛ قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، «ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كارىزلارنىڭ ھەقىقىي تارىخى ئۇچۇرى ۋە قىممىتىنى ساقلاپ، كارىزلارنى قوغداش ۋە رېمونت قىلىش جەريانىدا ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت، تېخنىكىنى كەڭ دائىرىدە قوللىنىپ، كارىزلارنىڭ تارىخىي قىياپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەجرىبە ئاساسىدا، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كارىزلارنى مۇستەھكەملەپ، كارىزلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لىيۇ شىنشېڭ، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي ئىلھام ئوسمان، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش مەھكىمىسىنىڭ كۆزەتكۈچىسى گۇەن چياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر خەن زىيۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شېڭ چۈنشۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جېڭ چياڭ، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى شۈ بىن، مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇرلار لېكسىيەنى ئاڭلىدى.

ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىدا، مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇر

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ كۆرسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. شەن جىش-ياڭ، تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، لىۋ شىنشىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر كۆرسانتلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

## تۆمۈر داۋامەت تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت 2009 - يىلى 18 - مارت ئاپتونوم رايونلۇق كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش كۆرسىنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىدە ئېچىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، كارىزلارنىڭ تۇرپان خەلقىگە بەخت يارىتىشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۆمۈر داۋامەت خېتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارىزلارنىڭ قېزىلىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە قوشقان غايەت زور تۆھپىسىنى ئەسلەپ ئۆتكەن. تەبرىك خېتىدە كارىزلارنىڭ ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈدىغان ئۇلۇغ قۇرۇلۇش بولۇپلا قالماي، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي مىراس ئىكەنلىكى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش كۆرسى كارىزدىن ئىبارەت بۇ مۇنەۋۋەر تارىخىي مەدەنىيەت مىراسىنى قوغداش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقى، شۇنداقلا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئۆگىنىش - ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى كونكرېت تەدبىر ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن.

تۆمۈر داۋامەت خېتىدە يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش خىزمىتى توغرىسىدا قىممەتلىك تەكلىپ، پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ كارىزلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تۇرپان خەلقىگە بەخت يارىتىشنى ئۈمىد قىلغان.

## كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى باشلاندى

2009 ـ يىلى 17 ـ دېكابىر، تۇرپان ۋىلايەتلىك كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى باشلاش ۋە تۇرپان مۈزىيىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى تۇرپان مۈزىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تۇرپان مۈزىيىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى ھەمدە كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ليۇ شىنشېڭ مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

مۇراسىمدا، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي ئىلھام ئوسمان كارىزلارنى قوغداش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىگە قارىتا تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت

نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خەن زىيۇڭلار مۇراسىمغا قاتناشتى.

تۆمۈر داۋامەت كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش خىزمىتىگە ئۆزۈندىن بۇيان كۆڭۈل بۆلگەن، قوللىغان ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، سۇچىلىق تارماقلىرى ۋە كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن كارىز قېزىش ئەترەتلىرىگە سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

مۇراسىمدا، تۆمۈر داۋامەت ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىكى 30 كارىز قېزىش ئەترىتىگە بايراق تەقدىم قىلدى. بۇ قېتىم باشلانغان بىرىنچى قارارلىق كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىكى 30 دىن كۆپرەك كارىز رېمونت قىلىپ مۇستەھكەملىنىدۇ. قۇرۇلۇش كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئاخىرلىشىدۇ.

## ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەر كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى

2010 ـ يىلى 20 ـ يانۋار، پىچان ناھىيەسىنىڭ كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى لەمجىن بازىرى چوۋانقىر كەنتىدە باشلاندى.

پىچان ناھىيەسى بۇ قېتىم توققۇز كارىزنى رېمونت قىلىپ مۇستەھكەملەيدۇ. بۇ، تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە قانات يايدۇرۇلغان كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمى. ئىگىلىنىشىچە، كارىزلارنى رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىغا دۆلەت مەبلەغ ئاجراتقان بولۇپ، رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى پېشقەدەم

كارىزچىلار ۋە يەرلىك دېھقانلار ئۈستىگە ئالغان. كارىز قېزىش، رېمونت قىلىشقا كېرەكلىك ئۈسكۈنە، جابدۇقلارنى پىچان ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر تۇتاش تەمىنلەيدىكەن. كارىز قېزىش، رېمونت قىلىشقا قاتناشقان ھەر بىر ئادەمنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى 100 يۈەن ئەتراپىدا ئىكەن. كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش ئارقىلىق كارىز قېزىش تېخنىكىسىنى ئەۋلادلارغا ئۆگىتىش مەقسىتىگە يېتىش بىلەن بىرگە، دېھقانلارنىڭ ئارىسال ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا پۇرسەت ياراتقىلى بولىدىكەن. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىكرام غوپۇر باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

يەنە بىر خەۋەر: 2010 ـ يىلى 21 ـ يانۋار، تۇرپان شەھىرىنىڭ كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى باشلاش مۇراسىمى، ئۈزۈمچىلىك يېزىسىنىڭ بىلىقچى كارىز كەنتىدىكى توغراق كارىز بېشىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئىگىلىنىشىچە، توغراق كارىز 1500 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4100 مېتىر، 244 قۇدۇقتىن تەركىب تاپقان. بۇ قېتىم تۇرپان شەھىرى 13 كارىزنى رېمونت قىلىپ مۇستەھكەملەشنى پىلانلىغان، قۇرۇلۇش بۇ يىل ئەتىيازدا تاماملىنىدىكەن. مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇر باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

## كارىز قېزىش ئەسلىھەلىرى تارقىتىلدى

2010 ـ يىلى 11 ـ فېۋرال، ۋىلايەت تۇرپان مۇزېي ئالدىدا كارىز قېزىش، كولاش ئەسلىھەلىرىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. 1 مىليون 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى

كارىز قېزىش، كولاشقا ئىشلىتىلىدىغان تىراكتور، جازا قاتارلىق ئەسلىھەلەر كارىز قوغداش ئەترەتلىرىگە تارقىتىپ بېرىلدى.
تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جېڭ چياڭ مۇراسىمدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۇ قېتىمقى كارىزلارنى قوغداش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى تارىختىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ زور، دائىرىسى ئەڭ كەڭ، قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەنئەنىۋى ماتېرىيال، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەتنى ئىشلىتىپ، بۇ بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت مىراسىنى ئەلرايى قۇرۇلۇشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك». مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇر مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

## رەھبەرلەر كارىزلارنى مۇستەھكەملەش، رېمونت قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

2010 - يىلى 1 - مارت چۈشتىن كېيىن، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جېڭ چياڭ، مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇرلار مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ يار، ئايدىڭكۆل يېزىلىرىدىكى كارىزلارنى مۇستەھكەملەش، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى.
جېڭ چياڭ، ئىكرام غوپۇر قاتارلىقلار تۇرپان شەھىرى يار يېزىسىنىڭ يار كەنتى، لۈزۈن كەنتى، ئايدىڭكۆل يېزىسىنىڭ گۈلباغ، جاڭزا كەنتلىرىگە بېرىپ، كارىزلارنى رېمونت قىلىۋاتقان كارىزچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، نۆۋەتتە

ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋە كارىزلاردىكى سۇنىڭ ئۇلغىيىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا جېڭ چياڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: كارىز تۇرپاننىڭ قىممەتلىك بايلىقى، كارىزلارنى مۇستەھكەملەش، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ئاھالىلەرگە بەخت يارىتىپ، ئەمەلىي نەپ يەتكۈزىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، كارىزلارنى مۇستەھكەملەش، رېمونت قىلىش تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كارىزدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسنى ياخشى قوغدىشى كېرەك.

جېڭ چياڭ كارىزلارنى مۇستەھكەملەش، رېمونت قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان ئورۇنلاردىن مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان بۇ قۇرۇلۇشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەشنى؛ كارىزلارنى مۇستەھكەملەش، رېمونت قىلىش جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەھكەملەش، رېمونت قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشنى تەلەپ قىلدى.

## ئابلەت ئابدۇرېشىت تۇرپان ۋىلايىتىدە كارىزلارنى تەكشۈردى

2010 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇستتىن 6 ـ ئاۋغۇستقىچە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

گۆرۈپپىسى تۇرپان ۋىلايىتىدە كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

كارىز تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە تۇرپان ۋىلايىتى ساياھەتچىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. مەملىكەت بويىچە ئۈچىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنغان كارىز 1108 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سۇيى بار كارىز 278، قۇرۇپ كەتكەن كارىز 830. نۆۋەتتە، ۋىلايەت بويىچە كارىزلارنىڭ ئېقىن مىقدارى 178 مىليون 600 كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئېرىلغۇ يەرنىڭ 8% ىنى، يەنى 130 مىڭ مو يەرنى سۇغارماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلىشى، كارىزلارنىڭ رېمونتسىز قېلىشى سەۋەبىدىن، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 كارىز قۇرۇپ كەتمەكتە. 2006 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، تۇرپان كارىزلىرى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى قىلىپ بېكىتىلدى، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن جۇڭگو مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، تۇرپان ۋىلايىتىدە كارىزلارنى قوغداش، پايدىلىنىشنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلىنىپ، 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 31 كارىز رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىز يەر ئاستى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرىنى قوغداش لايىھەسى» ئېلان قىلىندى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت تۇرپان كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ئۇ، تۇرپانغا كېلىپلا ئالدى بىلەن كارىز سەيلىگاھىغا بېرىپ، نېيىم ھاجى كارىزىنى تەكشۈردى ھەمدە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىز مەدەنىيىتىنى قېزىش، تەشۋىق قىلىش ۋە كارىزدىن پايدىلىنىپ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسى گەندەن كەنتىدىكى گەندەن كارىز، يار يېزىسىنىڭ يار كەنتىدىكى چوڭ كارىز، يار يېزىسىنىڭ چاچاڭ كەنتىدىكى كىچىك كارىز، پىچان ناھىيەسىنىڭ لەمجىن بازىرى چۆۋانقىر كەنتىدىكى كارىزلار ۋە تۇرپان شەھىرىنىڭ 10 مىڭ مولۇق ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك بازىسىنى تەكشۈردى.

5 ـ ئىيۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىك كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى تۇرپان ـ قومۇل نېفىتلىكى سارىيىدا ئېچىلدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لىيۇ شىنشېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا ئىشلەنگەن مەخسۇس فىلىمنى كۆردى ھەمدە تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي ئىلھام ئوسماننىڭ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىدىن بەرگەن

دوكلاتىنى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، دېھقانچىلىق، ساياھەت ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش خىزمىتىدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە يۇكسەك باھا بەردى ھەمدە كارىزنى مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا تەكلىپ، پىكىرلەرنى بەردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى مۇنداق قارىدى: تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىز مەدەنىيەت مىراسى ئەسلىدىنلا مەدەنىيەت مىراسى ئۆلچىمىگە توشقان، نۆۋەتتىكى ئەڭ ھالقىلىق خىزمەت مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش، نۇقتىلىق تۇردە كارىز تارىخىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش.



يىغىندا، ئابلەت ئابدۇرېشىت تۇرپان ۋىلايىتىدىن تەتقىقات خىزمىتىنى كۆچەيتىپ، كارىزنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى ئېنىقلاپ، مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدىكى تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشنى، كارىز مەدەنى-

يەت مىراسىنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش مەسىلىسىگە ئىلمىي، توغرا مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مەدەنىيەت ـ تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە ئۆگىنىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بيەن جىپىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭلار دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئايۇپ تېيىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مەدەنىيەت ـ تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە ئۆگىنىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاھاپ ئەزىمەت، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شېڭ چۇنشۇ، تۇرپان ۋىلايىتى رەھبەرلىرىدىن ليۇ شىنشېڭ، ئىلھام ئوسمان، جېڭ چياڭ، باھادىر ئابدۇھېلىم، ئىكرام غوپۇر، ئابلەت رېقىپ قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

## شەن جىشياڭ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى

2010 ـ يىلى 5 ـ ئاۋغۇست، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى دوكلات قىلىش يىغىنىدا، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى

ناھايىتى ياخشى ئىشلىنىپتۇ، ئامما نىڭ قاتنىشىش قىزغىنلىقىمۇ يۇقىرى ئىكەن. بۇ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىدە ئاز كۆرۈلۈدىغان خۇشاللىنارلىق ئىش.

4 ـ ئاۋغۇستتىن 5 ـ ئاۋغۇستقىچە، شەن جىشياڭ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شېڭ چۇنشۇ. تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جېڭ چياڭ، مۇئاۋىن ۋالىي ئىكرام غوپۇرلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

شەن جىشياڭ قاتارلىقلار تۇرپان شەھىرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسى گەندەن كەنتىدىكى گەندەن كارىز، يار يېزىسىنىڭ يار كەنتىدىكى چوڭ كارىزلارنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى. گەندەن كەنتىدە، شەن جىشياڭ كارىزلارنى قوغداش خىزمەت ئەترىتىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، جېڭ چياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە كارىزغا چۈشتى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ نۆۋەتتىكى قوغداش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى.

تۇرپان ۋىلايەتلىك كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى دوكلات قىلىش يىغىنىدا، شەن جىشياڭ مۇنداق دېدى: تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى ناھايىتى ياخشى ئىشلىنىپتۇ، ئامما نىڭ قاتنىشىش قىزغىنلىقىمۇ يۇقىرى ئىكەن. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك

پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىرىنچى قارارلىق قوغداش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. تۇرپان كارىزلىرىنى قوغداش بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 61 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 31 مىليون يۈەن رېمونت قىلىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنىپتۇ. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرگە پۇختا تەييارلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى؛ خىزمەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كارىز مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شەن جىشياڭ دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ كارىزلارنى قوغداش خىزمىتىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



# ئىككىنچى باب ئىناق ئېكولوگىيە ئابىدىسى — كارىز

## مۇقەددىمە

تۇرپاننىڭ داڭلىق ماركىلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۈزۈم، قوغۇن تۇرپاننىڭ سودا ماركىسى؛ يارغول، بېزەكلىك مىڭئۆيى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرى تۇرپاننىڭ تارىخىي ماركىسى؛ بۆيلۇق بولسا تۇرپاننىڭ يېشىل ماركىسى؛ ئىدىقۇت تېغى، قۇمتاغ باغچىلىرى تۇرپاننىڭ قىزغۇچ ماركىسى؛ تۇرپان مۇقاملىرى، ناخشىلىرى ۋە نازىركوم تۇرپاننىڭ سەنئەت ماركىسى؛ تۈيۈق ۋە لۈكچۈنلەر تۇرپاننىڭ ئەنئەنە ماركىسى. تۇرپاننىڭ مۇشۇنداق كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق ماركىلىرى بولغاچقىلا، تارىختىن بۇيان سېھىرلىك، جەلپكار زېمىن بولۇپ كەلگەن. تۇرپاندا سۇ قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت، تارىخ، ئەنئەنە، ساياھەت قاتارلىق كۆپ خىل مەزمۇنلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن يەنە بىر داڭلىق ماركا بار، ئۇ بولسىمۇ كارىز.

تارىختىن بۇيان كارىز ھەققىدە بېرىلگەن تەرىپلەر ناھايىتى كۆپ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئوبرازلاشتۇرۇپ «يەر ئاستى سەددىچىن سېپىلى»دەپ ئاتايدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناس ۋاڭ گوۋېننىڭ «غەربىي رايوندىكى قۇدۇق، ئۆستەڭلەرنى تەكشۈرۈش»دېگەن ئەسىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان كارىزلىرى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. كارىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان

مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىغان ۋە پۈتۈن دۇنيادا بەلگىلىك تەسىرى بولغاچقا، دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلىلىرى كارىزنى شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرغان ئون مىڭ چاقىرىملىق سەددىچىن سېپىلى، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بېيجىڭ ـ خاڭجۇ قانىلى بىلەن بىر قاتاردا جۇڭگونىڭ ئۈچ چوڭ قەدىمىي قۇرۇلۇشى دەپ قاراپ كەلدى. يەنە بەزىلەر دۇجياڭ توسمىسى، لىڭچۈ ئۆستىڭى ۋە كارىزنى مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى ئۈچ چوڭ سۇ ئىنشائاتى دەپ ئاتىماقتا، بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدار بولۇپ، شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر زات لىن زېشۈي تۇرپان كارىزلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق يازغان: « تۇرپان دىيارىنى كەزدىم، تالاي زېمىنلىرى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلغىنىغا قارىغاندا، كارىز بۇ جايغا ئۇدۇم ئىكەن. غۇلاچتا بىر قۇدۇق، خۇددى تۇتاشتۇرۇلغان ھالقىدەك سۇلىرى قۇدۇقتىن قۇدۇققا ئېقىپ چىقىدىكەن، بۇنى كارىز دەپ ئاتايدىكەن. كارىزنىڭ ئەۋزەللىكى كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭدىكى ھۈنەر كارامەت ئىكەن. ئىچكىرىدە ۋە باشقا يەرلەردە بۇنى كۆرۈپ باقمىغان، مۇشۇ يەردىلا كۆردۇم».

## كارىزنىڭ ئىلمىي قىممىتى

كارىز ھازىر تەكشۈرۈلىۋاتقان ئىلمىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى . چۈنكى، كارىز سۈيى ھېچقانداق تاشقى كۈچنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىمىغان ھالدا ئۆزلۈكىدىن، تەبىئىي ئېقىپ چىقىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، كارىزدا يەر ئاستى سۈيى كۆپ

زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كارىز سۈيى قىشمۇ ياز بىر خىل تەرىزدە ئېقىپ چىقىدىغان بولۇپ، يازدا بۇ سۇدا تېرىلغۇ يەرلەر سۇغىرىلسا، قىشتا ئېقىپ چىققان بىكار سۇلار كەڭ بىنەملىكلەرگە سىڭىپ، سۇ ئامبارلىرىغا يىغىلىپ، يەنە يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلايدۇ. دېمەك، بۇ ئۆزى ئېقىپ چىقىپ، ئۆزى سىڭىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تولۇقلاپ، ئىناق ئېكولوگىيە زەنجىرىنى شەكىللەندۇرىدىغان ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئىنتايىن ئۇيغۇن. ئىلگىرىكى يىللاردا بىز ھەدەپ: «تەبىئەتنى بويسۇندۇرىمىز، تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىمىز»دەپ جار سالاتتۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز بۇ قاراشنىڭ خاتالىقىنى، تەبىئەت بىلەن ئىناق ياشاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتتۇق، بەزىلەر كارىز سۈيى يازدا يەر سۇغارغان بىلەن، قىشتا بىكارغا ئېقىپ، ئىسراپ بولىدۇ، ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇق سۈيىنى سۇغا ئېھتىياجلىق چاغدا توكنى بېسىپلا تارتقىلى، قىشتا توختىتىپ قويغىلى بولىدۇ، ئىسراپ بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنتايىن يۈزەكى قاراش، ھادىسىنى كۆرۈپ، ماھىيەتنى كۆرمىگەنلىك بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. بىز توك ئارقىلىق مەجبۇرىي تارتىپ چىقارغان ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇق سۈيى يەر ئاستى سۈيىنى مەجبۇرىي تارتىپ چىقىرىدۇ ۋە ئىنتايىن تېز خورىتىۋېتىدۇ، قىشتا قۇدۇق سۈيى توختىتىپ قويۇلىدىغان بولغاچقا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش، سىڭىپ كۆپىيىش مەنبەسى ئۈزۈلىدۇ. شۇڭا ھازىر يەر ئاستى سۇ ئورنى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، قۇدۇقلارنىڭ يىلمۇ يىل چوڭقۇر ئويۇلۇش ھالىتى شەكىللىنىۋاتىدۇ، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، تۇرپاندا ئېغىر دەرىجىدە سۇ قىس بولۇش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلماقتا. كارىز سۈيى بولسا، يازدا يەر

سۇغىرىپ، قىشتا كەڭ دالىلارغا سىڭىپ، يەر ئاستى سۇيىنى، ئۆز - ئۆزىنى تولۇقلاپ، قانۇنىيەتلىك ئېكولوگىيە زەنجىرىنى شەكىللەندۇرىدۇ. بۇ ھەقتە شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، كارىز تەتقىقاتچىسى غوپۇر نۇرىدىن تۆلمىبۆك مۇنداق يازىدۇ: كارىز ئارقىلىق يەر ئاستىدىكى سۇ ھېچقانداق ئېنېرگىيە سەرپ قىلىنماي، سۇنىڭ ئېغىرلىقى ۋە يەر شەكلىنىڭ يانتۇلىقىدىن شەكىللەنگەن ئېقىندىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ يەر يۇزىگە باشلاپ چىقىلىدۇ. بۇنىڭدا مۇشۇنداق بىر ئىلغار تېخنىكا، ئۇلۇغ كەشپىيات ۋە ئەۋزەللىك بولغاچقا، كارىز پۇتۇن دۇنيا ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغان.

كارىزنىڭ 2000 يىللىق ئۇزۇن مۇساپە جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ تاكى ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، ھېلىمۇ ئىنسانلارغا ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان ھالەتتە نەپ بېرىشى، ھازىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان «ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشى»، «تەبىئەت بىلەن بىرگە ئىناق ياشاش»، «ئادەم بىلەن سۇنىڭ ئىناقلىقى»قاتارلىق تەشەببۇسلارغا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە مۇناسىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭدىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئىلغارلىقلارنىڭ، ئەۋزەللىكلەرنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كارىز ئىناق ئېكولوگىيە، ئىناق تەبىئەت، ئىناق جەمئىيەتنىڭ ئابىدىسى. كارىز قەيەردە بولسا شۇ يەردە ھاياتلىق پەيدا بولىدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن كارىز بويلىرىدا مەھەللە، ئاۋام پەيدا بولۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلىشىشقا باشلايدۇ. تارىختىن بۇيان خەلقىمىز كارىزلارنى مەركەز قىلىپ، بوستانلىق، كۆجۇم مەھەللىلەرنى بەرپا قىلغان، كارىزلارغا ئەگىشىپ كۆچكەن، قەيەردە كارىز سۇيى ئۇلۇغ بولسا شۇ مەھەللىلەر باي - باياشات، ئاۋات بولغان، قەيەردە كارىز قۇرۇسا، شۇ مەھەللىلەر

خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كارىز ۋە كارىز كۆلى بويلىرىدا، كۆل ئەتراپلىرىدا قارىياغاچ، ئۇجمە (جۇجەم)، تال، ھەر خىل دەل ـ دەرەخلەر، قۇمۇش، يېكەن، قامچىئوت قاتارلىق سۇ ئۆسۈملۈكلىرى بۆك ـ باراقسان ئۆسۈپ، قويۇق راھەتبەخش ئورمانلىق ئېكولوگىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭغا ماس ھالدا غاز، ئۆردەك، ھەر خىل قۇشلار، بېلىجان، پاقىلارمۇ كارىز ۋە كارىز كۆلى بويىدا ئۆزگىچە يارىشا مۇھىتتىن بەھرلىنىپ، ئاۋۇپ، جانلىقلار مۇھىتىنى پەيدا قىلغان. ئەڭ مۇھىمى كارىز بويلىرى شۇ مەھەللىدىكى ئاۋامنىڭ ئىجتىمائىي ھايات مەيدانى، ئىناق پائالىيەت سورۇنى بولۇپ كەلگەن. بوۋاي، مومايلار تەشمە ئاغزىدا ئولتۇرۇپ، سالقىندىغاچ، قىسسە، رىۋايەتلەرنى سۆزلەشسە، ياشلار تىلما بويىدا قىزىق پاراڭلارنى سېلىشقان، ئايالار تىلما ئايىقىدا كىر ـ قات يۇيۇشۇپ، خۇشال ـ خورام تارىنىشىپ، گۈزەللىك ۋە مېھنەت كۈينى ياڭرىتىشسا، بالىلار كارىز كۆلدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناشقان. كارىز بويلىرى شەرمىي ھايالىق ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتلىرىنىڭ سۇ ئېلىش باھانىسىدا ئۇچرىشىدىغان ۋىسال ئارامگاھى، يىگىتلەرنىڭ ھەر خىل كۈچ سىنىشىش ئويۇنلىرىنى ئوينايدىغان، باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىدىغان بەيگە مەيدانى بولۇپ كەلگەن. دېمەك، كارىزنى مەركەز قىلغان ھالدىكى تىلما، كارىز كۆلى بويلىرىدا دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر، ھەر خىل ھايۋانلار، قۇشلار، سۇ جانلىقلىرى، ئادەملەردىن تەركىب تاپقان، بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان ھاياتلىق ئېكولوگىيە زەنجىرى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ زەنجىردىكى ھەر بىر ئەزا ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىنى قوغداپ، ئىناق ئېكولوگىيە مۇھىتىنى بەرپا قىلغان. دېمەك، بۇ زەنجىردىكى مەركەز بولغان كارىز خىرىسقا ئۇچرىسا، بارلىق ھاياتلىقنىڭ تەقدىرى ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلگەن.

## كارىزلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ، نۆۋەتتىكى كارىزلارنىڭ جىددىي ئازىيىپ كېتىشى ۋە نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار ئېنىق بولماسلىق ئەھۋالىغا قارىتا، كارىزلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، شۇنداقلا كارىزلاردىن پايدىلىنىش، قوغداش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونىدا كارىزلارنى ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان كارىزلارنى قوغداش، قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا پۈتكۈل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ كېلىۋاتقان، شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، كارىز مۇتەخەسسىسى غوپۇر نۇرىدىن تۆلىبۆكنىڭ باشچىلىق قىلىشى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىدىكى دالىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدا توقسۇن ناھىيەسىنىڭ شا يېزىسىدا باشلىنىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كارىزلارنى تەكشۈرۈشكە جەمئىي 183 كۈن ۋاقىت كەتتى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە تۇرپان ۋىلايىتىدە جەمئىي 1091 كارىز ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇيى بار كارىز 404 بولۇپ، يىللىق سۇ چىقىش مىقدارى 231 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر، قۇرۇپ كەتكەن كارىز 833 دەپ بېكىتىلدى. مۇشۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭ كارىزلىرى»ناملىق رەڭلىك، ئىككى توملۇق كىتاب 2006 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتابنى تۈزۈشكە شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ

پەخرىي مۇدىرىيەت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت مەسلىھەتچىلىكنى، مۇدىرىيەت باشلىقى، سۇ ئىشلار نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئوسمان ساۋۇت بىلەن نازىر ۋاڭ شىجاڭ مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالغان، كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، كارىز تەتقىقاتچىسى غوپۇر نۇرىدىن تۆلمبۆك باش تۈزگۈچى بولغان، 20 دىن ئارتۇق ئالىم، سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى، كارىز تەتقىقاتچىسى تۈزۈشكە قاتناشقان. كىتابقا پۈتۈن شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ رەڭلىك سۈرىتى، تارىخى، ئومۇمىي ئەھۋالى، سۇ مىقدارى قاتارلىقلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدا بېرىلگەن بولۇپ، بۇ كىتابنى كارىزلار ھەققىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل قامۇس دېيىشكە بولىدۇ.

نۆۋەتتە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كارىزلار كۆنسېرى ئازىيىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. بۇ ئىش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئاممىنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كارىزلارنى قوغداپ قېلىشنى تەلەپ قىلىش ساداسىمۇ كۈنسېرى ئۆلغايدى. ئەمما، كارىزلارنى زادى قانداق قوغداش، قايسى دەرىجىدە قوغداش كېرەك دېگەن مەسىلىدە چۇقۇم بىر ئىلمىي يەكۈن بولۇشى كېرەك، ئىلمىي يەكۈننىڭ ئاساسى دەل كارىزلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا بۇ قېتىمقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ مەقسىتى دەل كارىزلارنىڭ جىددىي ئازىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، كارىزلارغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ، كارىزلاردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت، دەپ قارالدى.



## كارىز خەلقىمىز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى

كارىز (karez) ئۇيغۇرچە سۆز. كارىز مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، جۇڭگو تۇرپاندىكى ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ھەرمىللەت خەلقى تەبىئىي شارائىت، سۇ رايى، گېئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ئىجاد قىلغان يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىدىغان ئۆزگىچە سۇ ئىنشائاتى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىدىكى بوغدا تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونىغا تارقالغان. يەنە قەشقەر رايونىدىمۇ بىر قىسىم قەدىمكى كارىزلارنىڭ ئىزلىرى بار.

كارىز يەر قاتلىمىدىكى يەر ئاستى سۈيىنى تەبىئىي باشلاپ چىقىدىغان بىر تۇرلۇك قەدىمىي سۇ قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. كارىز ئادەم كۈچى بىلەن قېزىلغان قۇدۇق، بەلگىلىك ئوكلۇنغا (يانتۇلۇققا) ئىگە تەشمە، يەر يۈزىدە سۇ يوللايدىغان ئېرىق (تىلما) ۋە سۇ ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان كۆلدىن ئىبارەت قىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. كارىزنىڭ تەشمىسى سۇ يىغىش

بۆلىكى ۋە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش بۆلىكىگە ئايرىلىدۇ. باش قىسمى سۇ يىغىش قىسمى بولۇپ، شۇ جاينىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋىنىگە جايلىشىدۇ، سۇنى يىغىپ يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ؛ ئاياق قىسمى سۇنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈش بۆلىكى بولۇپ، شۇ جاينىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئۈستىگە جايلىشىدۇ. يەر يۈزى ئوكلۇنى (يانتۇلۇقى) كارىز تەشمىسىنىڭ ئوكلۇنىدىن چوڭ بولغاچقا، يەر ئاستى سۈيى يەر ئۈستىگە ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. كارىزنىڭ قۇدۇقى پۈتۈنلەي تەشمىنى قېزىش ئۈچۈن كولانغان بولۇپ، كارىزچىلارنىڭ تەشمىگە چىقىپ ـ چۈشۈشى ۋە تەشمە قازغاندىكى توپىنى تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر قۇدۇق تەخمىنەن 80 مېتىر كېلىدۇ. بىر كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە نەچچە يۈز مېتىردىن ئون نەچچە كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، سۇ مىقدارى مۇقىم بولىدۇ. قەدىمكى دەۋردە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغان شارائىتتا، مۇشۇنداق قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئېنېرگىيە تەلەپ قىلمايدىغان، يەر ئاستى سۈيىنى تەبىئىي باشلاپ چىقىدىغان ئۇسۇل قەدىمكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشچانلىقى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ قۇرغاق كىلىماتى، ئۆزگىچە سۇ رايى، گېئولوگىيەلىك شارائىتىغا قارىتا، ئەسىرلەر بويى بۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقان ئەمگەكچان خەلق ئەينى ۋاقىتتىكى تېخنىكا سەۋىيەسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇلارنىڭ زور مىقداردىكى سۇنى تاغنىڭ چىقىش ئېغىزىدىن بىۋاسىتە يىراق ئارىلىقتىكى بوستانلىقلارغا باشلاپ كېلىپ پايدىلىنىشقا قۇربى يەتمەي، پەقەت ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، كارىزدىن ئىبارەت سۇ ئېلىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىپ، يەر ئاستىدىكى يوشۇرۇن ئېقىن سۇ بايلىقىنى قېزىپ چىقىپ پايدىلىنىپ،

ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىسسىق يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشىنى ئىجاد قىلغان. كارىز شۇ جاينىڭ سۇ رايى، گېئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئاقىدىغان، سۇ مىقدارى مۇقىم، پارلىنىش ئاز، قۇم - بوران ئاسان كۆمۈۋېتەلمەيدىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە كولىغان ۋە رېمونت قىلغاندا مۇرەككەپ تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر كەتمەيدۇ، پۇتۇنلەي دېھقانلار ئۆزلىرى ئىشلىيەلەيدۇ. كارىز سۈيىنىڭ سۇ سۈپىتى ئادەتتە ئىنتايىن ياخشى، ئاسان بۇلغانمايدۇ، سۇ تېمپېراتۇرىسى مۇقىم (كىشىگە قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن تۇيغۇ بېرىدۇ) بولىدۇ، تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار كۆپ بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىشىگە ماس كېلىدۇ.

## كارىزلارنىڭ ئۆزگىرىش مۇساپىسى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، تۇرپان ۋىلايىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك سۇ ۋە ئادەم، چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىدە ئاساسلىقى بۇلاق سۈيى بىلەن كارىز سۈيىگە تايىناتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېز تەرەققىي قىلغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇ ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىدى، 50 - يىللاردا ئاساسلىقى يېڭىدىن كارىز چېپىش، كارىزلارنىڭ لېيىنى تارتىش، ئۇزارتىش، بۇلاق كۆزىنى ئېچىشقا تايىنىپ، تەمىنلەيدىغان سۇ مىقدارىنى ئاشۇردى.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى، تۇرپان ۋىلايىتىدە ئىشلىتىۋاتقان كارىز 1084 بولۇپ، يىللىق سۇ چىقىرىش مىقدارى 508 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر، ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 16.11 كۇب

مېتىر سېكۇنت، سۇغىرىش كۆلىمى 289 مىڭ 900 مو ئىدى؛ 1957-يىلى تەرەققىي قىلىپ كارىز 1237 گە، يىللىق سۇ چىقىرىش مىقدارى 562 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىرغا، ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 17.86 كۇب مېتىر سېكۇنتقا، سۇغىرىش كۆلىمى 321 مىڭ 400 موغا يەتتى.

تۇرپان ۋىلايىتىدىكى سۈيى ئەڭ ئۇلۇغ ئۈچ كارىز: پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرى بازار كەنتىگە جايلاشقان دولقۇن چوڭ كارىز، سۇ مەنبەسى ئۆرتەڭ سۇ سىستېمىسىغا تەۋە، 1870 - يىلى قېزىلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4000 مېتىر، قۇدۇق سانى 95، باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 252 لىتىرسېكۇنت ، هازىرقى(2003 - يىلى) ئېقىن مىقدارى 244 لىتىرسېكۇنت، تەخمىنەن كۈنىگە 120 مودىن ئارتۇق يەر سۇغىرالايدۇ. پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرى لەمجىن كارىز كەنتىدىكى يېڭى كارىز، سۇ كېلىش مەنبەسى ئۆرتەڭ سۇ سىستېمىسىغا تەۋە، 1992 - يىلى قېزىلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3 مىڭ مېتىر، قۇدۇق سانى 102، باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 60 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى ۋە هازىرقى ئېقىن مىقدارى 216 لىتىرسېكۇنت. توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزا شىمالىي قاراش كەنتىدىكى نەجمباي كارىزى، سۇ كېلىش مەنبەسى ئاقتېرەك ئۆستىڭى سۇ سىستېمىسىغا تەۋە، 1825 - يىلى قېزىلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3300 مېتىر، قۇدۇق سانى 123، باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 25 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 260 لىتىرسېكۇنت، هازىرقى(2003 - يىلى) ئېقىن مىقدارى 207 لىتىرسېكۇنت، تەخمىنەن كۈنىگە 100 مودىن ئارتۇق يەر سۇغىرالايدۇ (غوپۇر نۇرىدىن تۈلمبۆكىنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ قورۇلۇشى كارىز» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

كېيىنكى يىللاردا تۇرپان ۋىلايىتىدە تېرىقچىلىق كۆلىمىنىڭ
كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، پەقەت كارىز سۇيى، بۇلاق سۇيىگە تايى-
نىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالدى، شۇنداقلا پەن - تېخنىكا
ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغانلىقتىن،
سۇغىرىش كۆلىمىمۇ ئېشىپ، 1967 - يىلىغا كەلگەندە 926
مىڭ 600 موغا يەتتى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى سانائەت، يېزا ئى-
گىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئە-
گىشىپ، بۇلاق سۇيى، كارىز سۇيى، ئۆستەڭ سۇيىمۇ خەلق ئى-
گىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي
قالدى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1968 - يىلىدىن
باشلاپ 70 - يىللارغىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئېلېكترلەش-
كەن قۇدۇق قېزىش ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىپ، 1985 - يىلىغىچە
تۇرپان ۋىلايىتىدە جەمئىي 3431 كۆز قۇدۇق قېزىلىپ، يىللىق
سۇ تارتىش مىقدارى 175 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىرغا يې-
تىپ، بۇرۇۋۇي قۇدۇقى
تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ قۇر-
غاقچىلىققا تاقابىل تۇ-
رۇپ، مول ھوسۇلغا كاپا-
لەتلىك قىلالايدىغان يۇقى-
رى، مۇقىم مەھسۇلاتلىق
ئېتىز بەرپا قىلىش قۇرۇ-
لۇشىدا، يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈ-
زۈكسىز تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتا-
يىن مۇھىم رول ئوينىدى.
بۇ مەزگىلدە يەنە چوڭ -



كىچىك 10 سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، ئومۇمىي ئامبار سىغىمى 62 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇغىرىش كۆلىمى ئېشىپ 966 مىڭ 900 موغا يەتتى. يەر ئۈستى سۈيى، يەر ئاستى سۇ بايلىقىدا قايتا تەشكىللىنىش ۋە قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش يۈز بېرىپ، ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمىمۇ مۇناسىپ ئاشتى، يەر ئۈستى سۈيى بىلەن يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئايرىلىقتىكى ئايلىنىش مۇناسىۋىتى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەلگەچكە، كارىزلارنىڭ سانى تەدرىجىي ئازلاپ كەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، كارىزلار يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 تىن قۇرۇپ ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئەگەر ھېچقانداق قوغداش، قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىلمايى، كارىزلار مۇشۇ سۈرئەت بىلەن قۇرۇپ ماڭسا، بۇ ئېكولوگىيە ئابىدىسى 20 يىلغا قالمايلا پۈتۈنلەي قۇرۇپ تۈگەپ، ئىسمى بار جىسمى يوق قەدىمكى خارابىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھازىر گەرچە كارىزلارنىڭ دېھقانچىلىقتىكى سۇغىرىش رولى ئىلگىرىكىدەك بولمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا نۇرغۇنلىغان پارچە ــ پارچە كارىز سۇغىرىش رايونلىرى بار، يەنە بىر قىسىم كارىزلار ئاللىقاچان ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان سۇ مەنبەسى بولۇپ قالدى، ئەگەر كارىزنىڭ ئېقىنى ئۈزۈلۈپ قالسا، بىر قىسىم دېھقان ــ چارۋىچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا بۇ ھەم جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىسىز.

تۇرپان بوستانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى كارىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كارىز يەنىلا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر تۇرپان ۋىلايىتىدە ھەر خىل سۇ بايلىقىدىن يىللىق سۇ باشلاپ ئىشلىتىش مىقدارى 1

مىليارد 117 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ ، ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە كارىز بىلەن سۇغىرىش كۆلىمى يەنىلا 11% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن يەنە كارىزنىڭ رولى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جەمئىيەت،ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە سىڭگەن بولۇپ، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇڭلاشقا كارىزلارنى قوغداش خىزمىتى ئىنتايىن زۆرۈر.

## كارىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە تارىخىي قىممىتى

كارىز تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق تەرەققىياتى جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش ۋە تۇرالغۇ قاتارلىق جەھەتلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۆزگىچە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى، بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ يېتىلىشى، بولۇپمۇ تۇرپان مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، كارىز بولمىغان بولسا تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ بوستانلىق ۋە بوستانلىق مەدەنىيىتى بولمىغان بولاتتى، يەنە مۇتلەق ھالدا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۇرپاننىڭ مەدەنىيىتى دەل كارىز مەدەنىيىتىدۇر. غوپۇر نۇرىدىن تۆلمبۆكنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «كارىز شۇنداق بىر بۈيۈك مىراسكى، ئۇنىڭدا ھەم تەبىئىيلىك سۈپەت، ھەم قۇرۇلۇشلۇق سۈپەت، ھەم مەنىۋىلىك سۈپەت، ھەم ھېلىھەم ئىنسانلارغا نەپ بېرىش سۈپىتى مۇجەسسەملەنگەن. بۇ نۇقتىدىن كارىزنى ئاز ئۇچرايدىغان سۇ قۇرۇلۇشى مىراسى، شۇنداقلا يەنە بۈيۈك مەنىۋى مىراس، دېيىشكە بولىدۇ». تۇرپاندا كارىزنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان

ئاھالە ئولتۇراق رايونلىرى 100دىن ئاشىدۇ، مەسىلەن، چوڭ كارىز، ئويمان كارىز، كىچىك كارىز، ئاخۇن كارىز، ئازاد كارىز، ھاجى كارىز قاتارلىقلار؛ كارىزنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان كەنتلەرمۇ ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، ياڭخى كارىز كەنتى، بەشتام كارىز كەنتى، ھويلا كارىز كەنتى، قوشتام كارىز كەنتى، كارىز مەھەللىسى قاتارلىقلار. تۇرپان ۋىلايىتىدە كارىزنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يېزا، بازاردىن دالانكارىز يېزىسى ، دىغار كارىز يېزىسى بار.

تۇرپاندىكى كارىز مەملىكىتىمىزنىڭ سۇچىلىق تارىخى، تارىخ - جۇغراپىيەسى ۋە پەن - تېخنىكا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا غايەت زور قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كارىز شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا نىسبەتەنمۇ ناھايىتى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىغان ۋە پۈتۈن دۇنيادا بەلگىلىك تەسىرى بولغاچقا، كارىز ئون مىڭ چاقىرىملىق سەددىچىن سېپىلى، بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلى بىلەن بىردەك دۆلىتىمىزدىكى ئۈچ چوڭ قەدىمىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرى دەپ قارىلىپ كەلدى، بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما باشقا ئىككى چوڭ قۇرۇلۇش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كارىزنى قوغداش خىزمىتى ئېنىقكى ناھايىتى يېتەرسىز، نۆۋەتتە قوغداش سالمىقىنى جىددىي زورايتىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ياخشى قوغدىماي، يوقىلىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق، ئەجداتلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئەتىۋارلىق گۆھىرى بولغان كارىز خۇددى يارغول قەدىمىي شەھىرىگە ئوخشاش بىر پارچە خارابىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.



## كارىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قىممىتى

2003 ـ يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان ۋىلايىتىدە سۇيى بار كارىزدىن يەنە 404ى بولۇپ، يىللىق سۇ چىقىش مىقدارى 213 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر، ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 7352.09 لىتىر سېكۇنت، كارىز سۇيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 132 مىڭ 300 مو بولۇپ، يەنە تەخمىنەن 60 مىڭ ئادەم، 100مىڭ تۇياق چارۋا كارىز سۇيىنى ئىچىدۇ، ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ كارىزلاردا بىردىنلا ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالسا، شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشى ھەمدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭلاشقا كارىزلارنى قوغداش شۇ يەردىكى جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ، سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى.

كارىز ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە قۇرۇلۇش ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە چوڭقۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن دۇنياغا تونۇلۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئىنتايىن مەشھۇر ساياھەت تۇرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. تۇرپان ۋىلايىتىگە كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كارىزنى ساياھەت قىلىدۇ، بۇ ھەر يىلى ناھايىتى يۇقىرى ساياھەت كىرىمى يارىتىپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشماقتا. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، كارىز تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت شەھىرى بولۇشتەك ئورنىنى ئۆستۈردى، ھەمدە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، 16 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرغا قويغان ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى ئەينى يىلى كارىزلارنى تەتقىق قىلىش ۋە قوغداش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 90 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدىلا سۈچىلىق نازارىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئاستىدا، تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدا كارىز تەتقىقات مەركىزىنى قۇرغان ئىدى، كېيىن بۇ ئورۇن سۇچىلىق نازارىتى ۋە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ داۋاملىق مەبلەغ سېلىشى ئارقىلىق، تەرەققىي قىلىپ تەتقىقات ۋە ساياھەت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن «كارىز سەيلىگاھى» غا ئايلاندى. ھازىر «كارىز سەيلىگاھى» يالغۇز كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمي پائالىيەتلىرىنى مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، يەنە يەرلىكنىڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇھىم

تۆھپە قوشتى.

تۇرپان ۋىلايىتىدە ئىككى چوڭ كارىز ئاساسىدا قۇرۇلغان كارىز سەيلىگاھى ۋە كارىز ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسىدىن ئىبارەت ئىككى كارىز ساياھەت نۇقتىسى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ ئورۇنلار تۇرپان ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ساياھەتچىلىك كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى كارىز ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزا يېڭىشەھەر غەربىي قوۋۇق كەنتىدىكى ئەسقەرھاجى كارىزى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كارىزنىڭ سۇ كېلىش مەنبەسى تارلاڭ سۇ سىستېمىسىغا تەۋە، 1200 ـ يىلى قېزىلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4500 مېتىر، قۇدۇق سانى 180، ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 81 لىتىرسېكۇنت (1960 ـ يىلى)، ھازىرقى (2003 ـ يىلى)ئېقىن مىقدارى 47 لىتىر سېكۇنت ( غوپۇر نۇرىدىن تۆلمبۆكنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى كارىز» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

## كارىزنىڭ ئېكولوگىيە مەنزىرىسىدىكى ئەھمىيىتى

نۆۋەتتە جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك زامانىۋى سۇ قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرى ئۈزۈكسىز مەيدانغا كەلدى، كارىزدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى سۇ قۇرۇلۇشىدا كەڭ دائىرىلىك چېكىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى، بۇنىڭغا يالغۇز كارىزنىڭ ئۆزىدىكى بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەرلا سەۋەب بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە سۇنىڭ بوستانلىق ئېكولوگىيەسىدىكى رولىغا بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى، سۇ بايلىقىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي-

ياتىغا ئائىت ئەتراپلىق پىلاننىڭ بولمىغانلىقى، كارىزلارنى
مۇۋاپىق قوغداپ، بۇ قەدىمىي سۇ قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىن-
سانلارغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، زامانىۋى سۇ قۇرۇلۇشلى-
رىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا كارىزلارنىڭ لېيىنى تا-
زىلاش ۋە قوغداش تېخنىكىلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بې-
رىلمىغانلىقى قاتارلىقلار سەۋەب بولدى، ئۇنىڭ ماھىيىتى دەل
ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات، يەنى ھازىرقى بار بايلىقلار-
دىن پايدىلىنىش، ئادەم ۋە تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقى، ئىقتىسادىي
تەرەققىيات بىلەن ئېكولوگىيەنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى
قانداق قىلىپ توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئىنسانلار
تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش
بىلەن بىرلىكتە، مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈپ زور بەدەللەرنىمۇ تۆ-
لەۋاتىدۇ. بىز ئىقتىسادتا بەلگىلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش
بىلەن بىرگە، بىز ياشاۋاتقان ئائىلىمىز — يەر شارىنىڭ ئېكو-
لوگىيەلىك مۇھىتىنىمۇ زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتۇق، بۇ خىل



بۇزغۇنچىلىق بەزى جايلاردا،
ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ياشىشى-
غا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەت-
كەچكە، بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ
بەدەل تۆلەپ، ئۆزىمىز بۇز-
غۇنچىلىققا ئۇچراتقان ئېكو-
لوگىيەلىك مۇھىتنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈشىمىزگە ۋە
قوغدىشىمىزغا توغرا كې-
لىۋاتىدۇ. ئېكولوگىيەلىك
مۇھىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-
رىغاندىن كېيىن ئەسلىگە

كەلتۈرۈش تەس، ئېكولوگىيەنى قوغداش — ئىقتىسادنى ئىمكا-
نىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى،
شۇڭلاشقا پارتىيە مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ-
نىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش خىزمىتىنى غەربىي
رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى مۇھىم نۇقتا دەپ قاراپ،
«مۇھىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى
قوغلىشىشقا ھەرگىز بولمايدۇ» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

كارىز ئۆزگىچە سۇ قۇرۇلۇشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇزاق
تارىختىن بۇيان زور رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارلاق مەدەنىيەتنى
بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزگىچە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى
شەكىللەندۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق تەرەققىياتى جەريانىدا،
ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن ماسلىق، بىردەكلىك مۇناسىۋىتى
ئورنىتىپ، ئۆزگىچە ئېكولوگىيە مۇھىتىنى بەرپا قىلغان. 20 -
ئەسىرنىڭ 50 - 60 يىللىرىدا تۇرپان ۋىلايىتىدە مۇنداق
مەنزىرىلەرنى ھەممىلا جايدا ئۇچراتقىلى بولاتتى: بىر ياكى بىر
نەچچە كارىزنىڭ سۈيى مەھەللىدە ئەگرى - بوگرى ئاقاتتى،
سۈپسۈزۈك ئېقىن سۇ كوچىلاردىن، قوروۋلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا
كۆللەرگە قۇيۇلۇپ، ئېتىزلار سۇغىرىلاتتى. كىشىلەر سۇغا قاراپ
ئولتۇراقلىشىپ، ئەسىرلەر داۋامىدا ئارام ئېلىپ ھاۋالىنىپ
كەلگەن ئىدى، كارىزنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ، قوروۋلىرىدىكى
گۈللەرنى، تەكلەرنى، كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋىلىرىنى
سۇغىراتتى، ئىسسىق ياز پەسلىدە كارىز كۆلى بويىدىكى باراقسان
دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا، ئاياللار پۇتلىرىنى بۆشۈك قىلىپ
بالىلىرىنى بەزلىگەچ، دوپپا تىكىپ ئولتۇراتتى، ئۆز ئارا
قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى، كۇلۇشۇپ ئېغىزلىرى
يۇمۇلماي قالاتتى. ئەرلەر بولسا تۆت - بەشتىن توپ بولۇپ
شاھمات ئوينايتتى، بەزىدە تالىشىپ، جىمجىتلىقنى بۇزاتتى،

كۆل يۈزىگە لەيلەپ چىقىۋالغان بىلىقلار چۆچۈپ، دەرھال سۇنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇيتتى، دەرەخلەردىكى قۇشلارمۇ سايراشتىن توختايتتى. بۇنداق ماسلاشقان يېزا مەنزىرىسىنى ئۇنتۇماق ھەقىقەتەن تەس. تۇرپاندا بوستانلىقلاردا، ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇ ھەم تۇرپاننىڭ ئۆزگىچە فىلولوگىيەلىك مەنزىرىسى ئىدى. ھازىر كارىزلار زور مىقداردا قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن، بۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرۈشمۇ تەس بولۇپ قالدى، ئەسىرلەردىن بۇيان كارىزغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مەھەللىلەرمۇ كارىزلاردىن ئېقىن ئۈزۈلۈپ قېلىش، قۇرۇپ كېتىش سەۋەبىدىن، ئەتراپتىكى مۇھىت ناچارلىشىپ، پۈتۈن مەھەللە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. ئىلگىرى ھەممىلا جايدا كۆرگىلى بولىدىغان تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى ھازىر كىشىلەر پەقەت كارىزلار بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان مەھەللىلەردىلا كۆرەلەيدۇ. ئويلاپ باقايلى: ھەر بىر مەھەللىدە بىردىن ئىككىگىچە كارىز بولىدۇ، يەنە بەلگىلىك ئۇزۇنلۇقتا ئوچۇق ئېرىق (تىلما) ۋە كۆل بولىدۇ، مۇشۇنداق نەچچە يۈزلىگەن كۆللەردىن شەكىللەنگەن مۇھىت قاقاسلىقتا قانداق مەنزىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ؟ قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بارلىق كارىزلار قۇرۇپ يوقىلىپ كەتسە، بۇ مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كارىزلارنى قوغداش خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، كارىزنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارىدىن 40% كە يېقىن سۇ قىش پەسلىدە تەبىئەتكە قۇيۇلۇپ، ھەر خىل ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى سۇغىرىپ، قۇم - بوراننى تىزگىنلەش ۋە قۇمنى چېكىندۈرۈش جەھەتتە غايەت زور رول ئوينايدىكەن.

# كارىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك سىستېمىدىكى رولى

كارىز تۇرپان ئويمانلىقىدىكى مۇھىم سۇ مەنبەسىنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كارىزلارنىڭ سانى ۋە سۇ مىقدارى تېز ئازلاپ كەتتى، ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنىنىمۇ بوروۋوي قۇدۇقى ۋە ئۆستەڭ سۈيى ئىگىلىدى، شۇنداق بولسىمۇ، بىر قىسىم جايلاردىكى كارىزلار ھېلىھەم شۇ جاينىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ كارىزنىڭ تۆت پەسىل ئېقىپ تۇرىدىغان سۈيى ۋە ياخشى سۇ سۈپىتى چۆللەردىكى ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى سۇغىرىپ، شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداشتا باشقا سۇ مەنبەلىرى ئورنىنى باسالمايدىغان رولىنى جارى قىلدۇردى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلۇق تورىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى :



(1)كارىزنىڭ سۈيى ئېقىپ تۇرغان جاي بولسا، ئورمان بەلباغلىرى شەكىللەندى، سۇنئىي ئورمان بەلبېغىمۇ بولدى، ياۋا ئوت - چۆپلەرمۇ ئۆستى، ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەر ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپلا قالماستىن، يەنە ئەتراپىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلىدى. قۇرغاق رايونلاردا پەقەت سۇ بولسىلا، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرمۇ كۆپ بولۇپ، كۆل ۋە تۆۋەن ئېقىندىكى سازلىقلاردا يەنە نۇرغۇنلىغان سۇدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرمۇ مەۋجۇت بولدى. (2)سۇ ۋە ئوت - چۆپلەر بولغانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان ھاشارەتلەر كۆپەيدى. (3)سۇ ۋە ئوت - چۆپلەر، ھاشارەتلەر بولغانلىقتىن، بۇ يەرگە نۇرغۇنلىغان قۇشلار ماكانلاشتى، پەسىللىك قۇشلارمۇ، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ياشايدىغان قۇشلارمۇ ماكانلاشتى، بەزىلىرى دەرەخلەرگە چاڭگا ياسىدى، بەزىلىرى توپا دۆۋىلىرىگە ئۇۋا ياسىدى. (4)سۇ بولغانلىقتىن، سۇدا بىر قىسىم بېلىق تۇرلىرى ۋە قۇش، ھايۋانلار ياشىدى، ئەلۋەتتە يەنە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مۇكەممەل ئېكولوگىيە زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ياخشى تەبىئىي مۇھىت ياراتقان.

## كارىز بىلەن تەبىئىي ئېكولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتى

كارىز ئۆزىنىڭ ئۇزاق تەرەققىياتى جەريانىدا، ئەتراپىتىكى مۇھىت بىلەن ئۆز ئارا ماسلاشقان ھەم ئۆزگىچە بولغان ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭ مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. كارىز سۈيى يەر ئاستىدا ئاققانلىقتىن، زور مىقداردىكى ئۇنۇمسىز پارلىنىش ئازايتىلغان، بۇ تەرىپى ھۆل - يېغىنى ئىنتايىن ئاز، پارلىنىش بەك چوڭ بولغان تۇرپان ئويمانلىقىغا نىسبەتەن

ئېيتقاندا ناھايىتى زور سۇ تېجەش ئەھمىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن سىرت كارىزغا يىغىلىدىغىنى تېيىز قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيى بولغاچقا، يەر ئاستى سۇ ئورنىغا بولغان تەسىرى ئازراق، كارىزنىڭ سۈيى تەشمىدە ئېقىش جەريانىدا، بىر قىسمى يەنە يەر ئاستىغا سىڭىپ، يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلايدۇ، شۇ جاينىڭ سۇ بايلىقى تەڭپۇڭلۇقىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ سۈپىتىمۇ ئاسان بۇلغانمايدۇ، شۇڭا، مۇھىتنى قوغداشقا نىسبەتەن پايدىلىق سۇ قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. كارىز بولغانلىكى جايلاردا، كارىزنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا تەبىئىي يېشىللىق شەكىللىنىدۇ. سۇغىرىش بولمىغان پەسىلدە كارىزنىڭ قىشتىكى سۈيى بوستانلىقلارنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۇغا ئېرىشىشىدىكى ئاساسلىق يولىنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. سۇ بايلىقى ئىنتايىن قىس، پارلىنىش بەك چوڭ، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىل ئىچىدىكى تەقسىملىنىشى ئىنتايىن تەكشىسىز بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدا نۇرغۇنلىغان تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ھەر يىلى پەقەت قىش پەسلىدىلا بىر قېتىم سۇغىرىلىدۇ، ياز پەسلى كەلگۈن مەزگىلىدە بىر - ئىككى قېتىم سۇغىرىلىدۇ، دەل كارىز سۈيى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا سۇنى ئىي ۋە تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەرنى سۇغارغانلىقتىن، بوستانلىقلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ھازىر سۈيى بار كارىزلارنىڭ شۇ يەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا بولغان قوغداش رولى ناھايىتى روشەن بولۇۋاتىدۇ.

تۇرپاندا كارىز سۈيى ئويمانلىقتا توپلىنىپ، بىر قىسمى ئېتىزلارغا قۇيۇلۇپ، زىرائەتلەر تەرىپىدىن سۈمۈرۈلىدۇ، سىڭگەنلىرى ئوخشاشلا يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلايدۇ؛ يەنە بىر قىسمى پارلىنىپ، يەنە تاغلىق رايونلاردا ھۆل - يېغىن



شەكىللەندۈرىدۇ. زور تۈركۈمدىكى كارىزلارنىڭ قىشتىكى سۈيى تۆۋەنگە ئېقىپ بېرىپ، كۆپ قىسمى ئاخىرىدا ئايدىڭكۆلگە قۇيۇلۇپ، ئايدىڭكۆلنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا بىر قەدەر چوڭ رول ئوينايدۇ، ئايدىڭكۆلنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى دەريالاردىكى كەلكۈن سۈيى، يەر ئاستى يوشۇرۇن ئېقىنى ۋە كارىزلارنىڭ قىشتىكى بىكار سۈيى بولۇپ، ئايدىڭكۆلنىڭ ئەڭ چوڭ سۇ يۈزى كۆلىمى 240 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق. سۈيى ئاساسلىقى پارلىنىش ئارقىلىق خورايدۇ، شۇڭلاشقا ئەتىياز، يازدا، سۇ يۈزى كۆلىمى جىددىي تارىيىپ كېتىدۇ، ئەمما قىش پەسلىدە سۇ يۈزى كېڭىيىدۇ ۋە كۆل سۈيىنىڭ تۇز تەركىبىنىڭ مىقدارى تېز ئۆرلەيدۇ، ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئايدىڭكۆلنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە پارلىنىش مىقدارى 3000 مىللىمېتىردىن يۇقىرى بولۇپ، بۇنداق چوڭ پارلىنىش مىقدارى ئويمانلىقتا سۇنىڭ كىچىك دائىرىدە ئايلىنىشىغا قاتنىشىپ، ئاخىردا يەنە تاغلىق

رايونلاردا هۆل ـ يېغىن شەكلىدە ئېقىن ھاسىل قىلىپ يەنە ئويمانلىقتا قويۇلىدۇ، بۇ ئويمانلىقنىڭ كىلىماتى ۋە ئېكولوگىيەسىگە نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەگەردە ئايدىڭكۆلنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۈيى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتسە ياكى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتسە، كۆلنىڭ ئېكولوگىيەسى جىددىي ناچارلىشىدۇ، بۇ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇ ۋاقىتتىكى ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. شۇڭلاشقا كارىزلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قىسمەن ياخشىلاش، كىلىماتىنى ياخشىلاشقا نىسبەتەن بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ناۋادا كارىز قۇرۇپ كەتسە، بىر قىسىم تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرمۇ سۇنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن يوقىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ناچارلىشىپ كېتىدۇ، دەسلەپكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىدا كارىزلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئازلاپ كەتكەن سۇنئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆلىمى 220 مىڭ موغا يەتكەن. شۇڭلاشقا كارىزلارنى قوغداش بوستانلىق ئېكولوگىيەسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

## بوروۋۋي قۇدۇقلىرى ۋە نامۇۋاپىق سۇ ئىشلىتىشنىڭ كارىزلارغا بولغان تەسىرى

ئەتىيازلىق سۇغىرىشتا سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئەتىيازدا ئۆستەڭلەرگە ئېقىپ كېلىدىغان سۇلارنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سۇغىرىش

رايوندىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ مول، سۇ ئورنىنىڭ تېيىز، سۇ تارتىش تەننەرخىنىڭ تۆۋەن بولۇش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، بورووۋي قۇدۇقى قېزىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقىنى كۆپەيتىش ناھايىتىمۇ زۆرۈر، شۇنداقلا ئاقىلانە چارە، پۈتۈن تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ بورووۋي قۇدۇق قۇرۇلۇشى دەل ھازىرقى سەۋىيەگە يەتكەچكىلا، ھازىرقى 1 مىليون 200 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىش كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. بىراق يەنە دەل شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇرپان ۋىلايىتىدە بورووۋي قۇدۇقلارنى قېزىش جەريانىدا ھەر قايسى ناھىيە، يېزىلاردا ئاساسەن بىر تۇتاش پىلانلاش بولمىغاچقا، قۇدۇق قېزىشتا قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈپ، قۇدۇقلارنىڭ جايلىشىشىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھەرقايسى رايونلار بەس ـ بەستە تېيىز قۇدۇق قازغان، بورووۋي قۇدۇقى بىلەن كارىزلار ئارىسىدا تېيىز سۇ قاتلىمىنى تالىشىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن، مانا بۇلار كۆپلىگەن كارىزلارنىڭ سۈيىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نۆۋەتتە تۇرپان ۋىلايىتىدە بورووۋي قۇدۇقىدىن 5101 ى (2003 ـ يىلى) بولۇپ، يىللىق سۇ تارتىش مىقدارى 403 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇ كارىزدىن سۇ چىقىرىش مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان 1966 ـ يىلىدىكى (661 مىليون كۇب مېتىر) بىلەن سېلىشتۇرغاندا دەل ھازىرقى كارىز سۈيىنىڭ ئازلاپ كەتكەن مىقدارى (437 مىليون كۇب مېتىر) غا تەڭ كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بورووۋي قۇدۇقى بىلەن كارىزنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشىنىڭ بارلىقىغا بولغان تونۇشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى سولچىل ئىدىيەنىڭ تەسىرى ئاستىدا زور كۆلەمدە قۇدۇق قېزىش ھەرىكىتىگە قارىتا ئۇنۇملۈك ۋە دەل ۋاقتىدا كەسكىن يېتەكلەش ئېلىپ

بارمىغانلىقىمىزدىن، ھازىرقى زامان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ كارىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەتقىق قىلمىغانلىقىمىزدىن بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، لېكىن كىشىلەرنىڭ تونۇشىدا چەكلىمىلىك بولۇشى، سولچىل لۇشيەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش، ئىلمىي باشقۇرۇش، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئېڭى كەمچىل بولغانلىقتىن، يەر ئۈستى سۇلىرىنى تەڭشەپ ئىشلىتىش جەھەتتە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر كۆرۈلدى. چوڭ ئۆستەڭ سۇلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەقسىملەش مۇۋاپىق بولماي، بەزى سۇغىرىش رايونلىرى چوڭ ئۆستەڭ سۇلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭگە ئارقىلىق بىۋاسىتە تۈۋەن تەرەپكە ئېقىتىپ سۇغارغاچقا، يۇقىرى ئېقىندىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىشى ئازىيىش، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەنلەش، كارىزلار قۇرۇپ كېتىش قاتارلىق ناچار ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن يېشىل بوستانلىق ئېكولوگىيەسى ۋە سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىشتا ناچار ئايلىنىش شەكىللەندى.

## كارىزنىڭ ئۆزىدىكى نۇقسانلارنىڭ تەسىرى

كارىزنىڭ ئۆزىدىكى نۇقسانلىرىنىڭمۇ كارىزلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىكى ئامىل بولۇشى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، كارىزدىن چىقىدىغىنى تېپىز قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيى بولغانلىقتىن، بۇ خىل ياسىلىش ئالاھىدىلىكىدە، يەر ئاستى سۇ ئورنى ئۆزگىرىشلىرىنىڭ

ماسلىشىشچانلىقى ناچار بولۇپ، پەقەتلا يۈز قەۋىتىدىكى يەر ئاستى سۈيىنى باشلاپ چىقارغىلى بولىدۇ. يەر ئاستى سۇ ئورنى نىسپىي مۇقىم بولغان ئەھۋالدىمۇ، تەشمىنى ئۈزارتىمىسىمۇ سۇ مىقدارى ئازىيىپ كېتىدۇ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى، مۇقەررەر ھالدا كارىز سۈيىنىڭ ئازىيىشى، ھەتتا قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىپتىدائىي كارىز قۇرۇلۇشىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى قالاق بولغاچقا، ئاسان گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ، قېزىش، رېمونت قىلىش قولايسىز، ئەمگەك سىجىللىقى زور بولۇپ، دائىم ھادىسە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئىشلەشتە خېيىم - خەتەر كۆپ. ئۈچىنچىدىن، قېزىش، رېمونت قىلىش خىراجىتى يۇقىرى، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، چىققان سۇ مىقدارى ئاز، سۇ يەتكۈزۈش ئارىلىقى يىراق، سىڭىپ كېتىشتىن بولغان زىيان ئېغىر قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان.



## كارىز مەھەللىلىرى

2009 ـ يىلى 9 ـ ماي تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئورنى ئۆلچەش، سىزىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، كاندىدات ئالىي ئىنژېنېر زىلاۋۇدۇن جالالنىڭ يول باشلىشى بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزا بەشبالا كارىز كەنتى 5 ـ مەھەللىسى (ساي كارىز مەھەللىسى)گە كارىزلارنى تەكشۈرۈشكە كەلدۇق. بۇ يەردىكى مەھەللە ئىچىگە جايلاشقان ساي كارىز شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كارىز تىك قۇدۇق ئاغزىنى مۇستەھكەملەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 73 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، سۇچىلىق مىنىستىرلىقى تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن ئىكەن. بۇ مەبلەغ بىلەن تەشمە ئاغزى قاتۇرۇلۇپ، مۇستەھكەملەنگەن ، تىلما بېتون تاختا بىلەن



يېپىلىپ، گۇمۇرۇلۇپ چۇشۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ئىكەن.
كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6200 مېتىر، ئېقىن تېزلىكى 33.9 لىتىرسېكۇنت، تىك قۇدۇق ئېغىزى 222 دانە بولۇپ، كۇنىگە 15 ـ 20 مو يەر سۇغىرالايدىكەن. كارىزنىڭ زۇلال سۇيى بېتون تاختا بىلەن يېپىلغان تىلما ئېغىزىدىن شىلدىرلاپ چىقىپ، سۆگەت، ئۇجمە (جۇجەم) لەر بىلەن ئورالغان كۆلگە قۇيۇلۇۋېتىپتۇ. ئەتراپ بۇك ـ باراقسان يېشىللىق ۋە ساپ، سالقىن هاۋا بىلەن ئورالغان بولۇپ، كىشىگە ھەقىقىي يېزا مەنزىرىسىنى ھېس قىلدۇرىدىكەن. شۇ ئارىدا كارىز بويىدىكى ئۆيدىن پاكىز چىراي، سالاپەتلىك بىر دېھقان سالام بېرىپ چىقىپ كەلدى. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ماخمۇت مۇھەممەت بولۇپ، مۇشۇ كارىز بويىدا ئولتۇرۇۋاتقىلى 20 يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇ بىزگە مۇنۇلارنى دەپ بەردى: كارىزنىڭ سۇيىنى ھەقسىز ئىشلىتىمىز، پەقەت رېمونت قىلغاندىلا پۇل چىقىرىمىز. ئادەتتە كارىزنى ھەر يىلى ئىككى قېتىم رېمونت قىلىمىز. ھەر مو يەرگە ھەر بىر دېھقان يىلدا 50 يۈەندىن 150 يۈەنگىچە پۇل چىقىرىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ كارىزنى رېمونت قىلىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭغا ھېچكىم ۋايسىمايدۇ.
بىز بۇ يەردىن يېنىپ، بەشبالا كارىز كەنت ئىشخانىسىغا كەلدۇق. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خېلىل قېيۇم بىزنى كۇتۇۋېلىپ، ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بەردى. بەشبالا كارىز كەنتىدە 4981 نوپۇس، 1083 ئائىلە بولۇپ، 11 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن. كەنت تەۋەسىدە 17 كارىز، 33 ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇق بار ئىكەن. 2005 ـ يىلىدىن كېيىن يەنە ئۈچ كارىزنىڭ سۇيى توختاپ، ھازىر ھايات كارىزدىن 14 ى قاپتۇ. ئومۇمىي يەرنىڭ 40% ى يەنىلا كارىز سۇيى بىلەن سۇغىرىلىدىكەن. بۇ كەنتتىكى سۇيى ئۇلۇغ كارىز تېرەك كارىز بولۇپ، كۇنىگە 25 مو ئەتراپىدا يەر سۇغىرالايدىكەن،

ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇقلار بولسا كۈنىگە تەخمىنەن 10 مو يەر سۇغىرالايدىكەن. ئالاھىدە گۇمۇرۇلۇش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن كارىزلارنى نورمال رېمونت قىلىش ئۈچۈن يىلىغا 25 مىڭ يۈەندىن 35 مىڭ يۈەنگىچە مەبلەغ سەرپ قىلىنىدىكەن. بۇ پۇلنى مو بېشى بويىچە دېھقانلاردىن يىغىدىكەن.

## كارىزلارنىڭ ئەۋزەللىكى

بەشبالا كارىز كەنتىدىكىلەر بىزگە مۇنداق بىر ھېساباتنى قىلىپ بەردى: بىر ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇقنى قېزىش، يۇرۇشلەشتۈرۈش ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل كېتىدىكەن، ئەگەر توك مەنبەسى يىراقتا بولسا، توك تارتىش ئۈچۈن يەنە ئارىلىقنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ 50 - 60 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل كېتىدىكەن. سۇيى چىقراق قۇدۇقلارنىڭ ئايلىق توك پۇلى 6 - 7 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولىدىكەن. قۇدۇق 150 - 200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلىدىغان، چوڭقۇر قاتلامدىن سۇ تارتىلىدىغان بولغاچقا، يەر ئاستى سۇيى تېز خورايدىكەن، تۆۋەنلەيدىكەن. قۇدۇقنىڭ ئۆمرى 5 - 6 يىلدىن 10 - 15 يىلغىچە بولىدىكەن. قۇدۇق سۇيى يازدا 3 - 4 ئايلا تارتىلىپ، قالغان ۋاقىتتا «ئارام»ئالىدىغان بولغاچقا، ئەتراپتىكى ئورمان قاتارلىق ئېكولوگىيە زەنجىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇدۇق سۇيى بىلەن سۇغىرىلغان يەرلەر ئاسان شورلىشىدىكەن، ئۇسسايدىكەن. قۇدۇق سۇيىنىڭ چىقىمى مو بېشىغا 200 يۈەن ئەتراپىدا توغرا كېلىدىكەن.

خوش، ئەمدى كارىز سۇيىچۇ؟ كارىز بىر مېتىر بىر مېتىردىن، بىر كۆز، بىر كۆز قۇدۇقتىن چېپىلىدىغان

بولغاچقا، ئاز ـ ئازدىن مەبلەغ سېلىنىدىكەن. كارىزنىڭ ھەر يىللىق رېموت چىقىمى 35 ـ 45 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولىدىكەن. كارىزنى ھەر مېتىر ئۇزارتىش ئۈچۈن 600 يۈەن ئەتراپىدا چىقىم كېتىدىكەن. كارىز قۇدۇقى ئەڭ چوڭقۇر بولغاندا 80 ـ 90 مېتىرغىچە كولىنىدىكەن، سۇ تېيىز قاتلامدىن تارتىلىدىغان بولغاچقا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ خورىشى، تۈۋەنلىشى ئاز بولىدىكەن. كارىز سۈيى 360 كۈننىڭ ھەممىسىدە ئېقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئەتراپتىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشتا رولى ئىنتايىن زور بولىدىكەن. كارىز سۈيى يازدا تېرىلغۇغا ئىشلىتىلسە، قىشتا ئىچىملىك ۋە ئورمان ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىكەن. كارىزنىڭ ئۆمرى يۈز يىلدىن نەچچە يۈز يىلغىچە بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كارىز سۈيىنىڭ مىنېرال تەركىبى يۇقىرى بولۇپ، كارىز سۈيىدە سۇغىرىلغان يەرلەر ئاسان ئۇسسىمايدىكەن، شورلاشمايدىكەن، نەملىك ساقلاش رولى ياخشى بولىدىكەن. كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان تەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى چوڭ ھەم قارا، مېۋىسى بولۇق بولىدىكەن. كارىز سۈيىنىڭ چىقىمى مو بېشىغا 50 يۈەن ئەتراپىدا كېلىدىكەن. دېمەك، كارىز سۈيىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشتىكى رولىمۇ زور ئىكەن.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كارىزچى نىياز تۇردى كارىزنى رېمونت قىلىش جەريانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: ئادەتتە كارىزلارغا ھەر يىلى 12 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايلارغىچە ئىشلەيمىز. كارىزغا يازدا ئىشلىسە، كارىزنىڭ «كۆزى» ئېچىلىپ كېتىپ، سۇ سىڭىش ئېغىر بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا قىشتا ئىشلەيدىغان ئىش. ھەر يىلى 10 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 3 ـ ئايغىچە كارىزلارغا قارايدىغان مەخسۇس ئادەم قويۇپ، كارىزلارنىڭ ئاغزىنى ياپىمىز، بولمىسا

كارىزلارنىڭ ئىچىگە «سوغۇق چۈشۈۋالىدۇ»، بۇنداق دېگىنى، كارىزنىڭ ئاغزى قىشتا ئوچۇق قالسا، توڭلاپ ئۈششۈك چۈشۈۋالىدۇ ـ دە، يازدا ئېرىپ ئۆزلۈكىدىن گۇمۇرۇلۇپ كېتىدۇ. قىشتا ئاغزى يېپىق بولسا، ئىچى ئىسسىق بولىدۇ، يازدا بولسا سالقىن بولىدۇ. مۇشۇنداق تەبىئىي مۆجىزىۋى كىلىمات دېھقانلارنىڭ كارىزدا ئىشلىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئادەتتە كارىزغا بىر قېتىم چىققاندا 3 ـ 4 ئايغىچە ئىشلەيمىز، كارىزدا كەتمەن، گۈرجەك، سېۋەت، سولياۋ چېلەك قاتارلىق ئەسۋابلارنى ئىشلىتىمىز. شام ياكى دىڭخۇلو چىراغ بىلەن تەشمىنىڭ تۈز ياكى ئەگرىلىكىنى تەكشەپ ماڭىمىز. ئادەتتە كارىزنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم تەشمىنى چاپسا، بىر ئادەم توپا ئۇسىدۇ، ئىككى ئادەم توپىنى توشۇيدۇ. كارىزنىڭ ئۈستىدە، يەنى قۇدۇقنىڭ ئاغزىدا ئىككى ئادەم توپا تارتىدۇ. بىر قېتىم كارىزغا چۈشكەن ئادەم 4 ـ 5 سائەتكىچە چىلىق ـ چىلىق سۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەيدۇ.

كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نىياز ناسىر مۇنداق دېدى: كەنتىمىزدىكى قۇرۇقلان كارىزنىڭ باش قىسمى ئالدىنقى يىللاردا گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، سۈيى توختاپ قالغان ئىدى، بىز مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 160 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ توپلاپ، ئىككى يىلدا بۇ كارىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدۇق. بۇ كارىز 1700 ـ يىلى قېزىلغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5 مىڭ مېتىر، قۇدۇق سانى 220، باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 50 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى (1970 ـ يىلى) 52 لىتىر سېكۇنت، ھازىرقى (2003 ـ يىلىدىكى) ئېقىن مىقدارى 32 لىتىر سېكۇنت.

## كارىز بويىدىكى قايناق ھايات

بىز بەشبالا كارىز كەنتىدىن چىقىپ، چاتقال كەنتىنىڭ تۆركارىز مەھەللىسىگە كەلدۇق. مەھەللە ئىچىگە كىرىشىمىز بىلەنلا كۆزىمىزگە چېلىققان كارىز بويىدىكى قايناق ھايات مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. 50 ـ يىللاردىلا كۆرگىلى بولىدىغان كارىز بويىدىكى مەنزىرە كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇراتتى: تۆركارىزنىڭ تىلمىسى مەھەللە ئىچىدىكى ئاسفالت يول بويلاپ سوزۇلغان بولۇپ، كارىز سۈيىنىڭ بېتون بىلەن يېپىلغان چىقىش ئېغىزىدا بىر قانچە ياش، ئوتتۇرا ياش ئەرلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. تىلمىدا كۆپۈپ ئېقىۋاتقان كارىز سۈيى تۆۋەندىكى كۆلگە قۇيۇلماقتا ئىدى. تىلمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ياشانغان ئەرلەر، ئاياللار گىلەم، پالاس قاتارلىق نەرسىلەرنى تىلما بويىدىكى سېمونت بىلەن قاتۇرۇلغان يەرگە يېيىپ يۇيۇۋاتاتتى، تۆۋەندە ياش چوكانلار پاراڭ بىلەن كىر يۇيۇۋاتاتتى. كۆل بويىدا بىر قانچە ئايال قۇچىقىدىكى ئوماق بالىسىنى



ئەركىلىتىپ ئولتۇراتتى. بالىلار بولسا تىلما بويىدا سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتاتتى. ئۆزمە (جۆجەم)، قاراياغاچلار لىققىدە سۇ توشقان كۆلگە قاپ - قارا سايە تاشلاپ تۇراتتى. قىسقىسى، كارىز بويى قىزغىن، قايناق، ئىناق ھايات مەنزىرىسىگە تولغانىدى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، تىلما بويىدىكى ئەرلەرگە سالام بېرىشىمىز بىلەنلا، ئۇلار بەس - بەستە سۆزلەپ كەتتى.

— سىلەر يەنە كارىزنى تەكشۈرۈپ كەپسىلەردە، تەكشۈرۈپ كېلىدىغانلار جىق، پۇل چىقىرىدىغانلارنىڭ تايىنى يوقتۇ؟ تىلمىدىكى سۇنى كۆرۈپ، كارىزنىڭ سۈيى جىقكەن، دەپ قالماڭلار، كۆل توشۇپ قالغاندىكىن سۇ كەينىگە يېنىپ ئېرىقتىكى سۇ ئۆرلەپ قالغان گەپ. ئەمەلىيەتتە بۇ كارىزنىڭ سۈيى جىق ئازلاپ كەتتى. كارىز دېگەن ئىشلىگەننى بىلىدۇ، مەبلەغ ھەل بولغان بولسا، بۇ كارىزنى يەنە بىر ئاز ئۇزارتقان بولساق، سۈيى يەنىمۇ جىقلىغان بولاتتى.

يۇقىرىقى گەپلەردىن دېھقانلارنىڭ كارىزغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئىچ كۆيەرلىكى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. تۇركارىز 1800 - يىلى قېزىلغان بولۇپ، ئىدىقۇت تېغى سۇ سىستېمىسىغا تەۋە. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5500 مېتىر، قۇدۇق سانى 228، باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 45 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 92 لىتىر سېكۇنت (1970 - يىلىدىكى)، ھازىرقى(2003 - يىلىدىكى) ئېقىن مىقدارى 70 لىتىر سېكۇنت (غوپۇر نۇرىدىن تۆلىبۆكىنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى كارىز» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

بىز بۇ يەردىكى دېھقانلارغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان بىر مۇنچە سىياسەتلەرنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئەسلى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى 3 - مەھەللىسىدىكى ئوتتۇرا كارىزنىڭ بويىغا كەلدۇق. كىچىكرەك ئۆستەڭگە ئوخشاپ كېتىدىغان بېتونلاشتۇرۇلغان تىلمىدا تولۇپ ئېقىۋاتقان سۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ھازىرمۇ

بۇنچىلىك سۇيى ئۇلۇغ كارىزنىڭ بارلىقىدىن ئالەمچە سۆيۈنىدۇم، بۇ كارىزنىڭ سۇيى كۆنىگە 30 مودىن ئارتۇق يەر سۇغىرالايدىكەن. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، تىلما ئىچىگە ھەر خىل سۇ ئۆسۈملۈكلىرى، يېشىل يوسۇنلار ئۆسۈپ كەتكەن، بېلىق، قۇلۇلىلەر ماكانلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە خۇددى چوڭ كۆل بويلىرىغا ئوخشاش مەنزىرە شەكىللەنگەنىدى.

ئوتتۇرا كارىز (يەنە بىر ئىسمى چوڭ كارىز)ئىدىقۇت تېغى سۇ سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، 1800 ـ يىلى قېزىلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8100 مېتىر، قۇدۇق سانى 254، باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 105 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 130 لىتىرسكۇنت (1970 ـ يىلىدىكى)، ھازىرقى (2003 ـ يىلىدىكى) ئېقىن مىقدارى 65 لىتىرسېكۇنت (غوپۇر نۇرىدىن تۈلمبۆكنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ قورۇلۇشى — كارىز» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

## كارىزنى يېڭىچە قوغداش

بىز چاتقال يېزىسىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن كارىزلارنى يېڭى تېخنىكا بويىچە قوغداش تۇرى بويىچە سىناق نۇقتىسى — تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسىنىڭ گەندەن كەنتىدىكى شەيخ كارىزغا كەلدۇق. كاندىدات ئالىي ئىنژېنېر زىلاۋۇدۇن چۈشەندۇرۇپ مۇنداق دېدى: كارىزلار ئادەتتە تۇپراق قاتلىمى، جايلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ساي كارىز ۋە قۇم كارىز دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ساي كارىز سايلىقلارغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپىتا مەھەللە، ئېتىزلىقلار يوق، تۇپراق قاتلىمى بىر قەدەر مۇستەھكەم، گۇمۇرۇلۇش ئاز بولىدۇ. قۇم كارىز يول، ئېتىز بويلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاسان گۇمۇرۇلىدۇ، تىلما ئېغىزىغا يېقىنلاشقانچە، توپا قەۋىتى نېپىزلاپ، گۇمۇرۇلۇش تېز

بولىدۇ. بولۇپمۇ سۇغىرىش رايونلىرىدىكى كارىزلار ئاسان گۇمۇرۇلىدۇ. كارىز ئۇلۇغ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بىر قەدەر قالاق بولۇپ، ئاسان گۆمۇرۇلىدۇ، ئۆرۇلىدۇ، تەشمىگە لاي تىنىپ قالىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز كارىزلارنى ئىلمىي قوغداش، كارىز قۇرۇلۇشىدا قانداق قىلغاندا ئاز چىقىم بىلەن ياخشى ئۇنۇمنى قولغا كەلتۇرگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

بىز كۆرۇۋاتقان شەيخ كارىز 1850 - يىلى چېپىلغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3600 مېتىر، قۇدۇق سانى 140، باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 34 لىتىرسىكۇنت(1956 - يىلىدىكى)، ھازىرقى (2003 - يىلىدىكى) ئېقىن مىقدارى 20 لىتىرسىكۇنت ئەتراپىدا ئىكەن( غوپۇر نۇرىدىن تۆلمبۆكنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى كارىز» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى). بۇ كارىزنىڭ تىلمىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى توپا قەۋىتى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن بىر مېتىر ئەتراپىدا كەينىگە ئىتتىرىلىپ، تۇپتۇز، چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، قاتتىقلاشتۇرۇلغان، ئۆلچەملىك ئېرىقتا زۇلال سۇ شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى.



زىلاۋۇدۇن چۇشەندۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ كارىزنى يېڭى تېخنىكا بويىچە رېمونت قىلىش ئۇچۇن 100 مىڭ يۇەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنغان. بۇ كارىزغا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى يەر

ئاستى تۆمۈر يول تونىلىنى قاتۇرۇش تېخنىكىسى قوللىنىلغان بولۇپ، تەشمە ئىچىگە بىر ىكمە ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن تور تارتىلىپ، سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئالاھىدە سېمونتنى تورغا پۈركۈپ، تەشمە ئىچى قاتۇرۇلغان. بۇنداق قاتۇرۇلغاندا تەشمە ئاسان گۆمۈرۈلمەيدۇ، ئۆرۈلمەيدۇ، سىيرىلمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كارىز قۇرۇلۇشىدىكى بىر سىناق، بۇنىڭ ئۈنۈمى زادى قانداق بولىدۇ، بۇنى ئىلمىي دەلىللەشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز ئايىغىمىزنى سېلىپ، سۇغا چۈشۈپ، ئالاھىدە تېخنىكا بويىچە رېمونت قىلىنغان تەشمە ئىچىگە كىردۇق. پۈركۈلگەن سېمونتمۇ تۇپراق رەڭگىدە بولۇپ، كىشىگە شۇنداق تەبىئىي تەسىر بېرىدىكەن، قاتتىق، مۇستەھكەم بولغاچقا، توپا سىيرىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدىكەن.

## كارىز ئابىدىسى ـــ كارىز سەيلىگاھى

بىز يېزىلاردىكى كارىزلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى يار كەنتىگە جايلاشقان كارىز سەيلىگاھىغا كەلدۇق. كارىز سەيلىگاھى مېيىم ھاجى كارىزىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كارىزنىڭ سۇ مەنبەسى تارلاڭ ئۆستىڭى سۇ سىستېمىسىغا تەۋە. 1200 ـ يىلى قېزىلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 مىڭ مېتىر، قۇدۇق سانى 440، باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 75 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 92 لىتىر سېكۇنت (1954 ـ يىلىدىكى)، ھازىرقى (2003 ـ يىلىدىكى) ئېقىن مىقدارى 79 لىتىر سېكۇنتقا يېتىدۇ ( غوپۇر نۇرىدىن تۆلمبۆكىنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ قۇرۇلۇشى كارىز» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).



كارىز سەيلىگاھى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قارمىقىدا بولۇپ، كارىز سەيلىگاھى (ئەينى چاغدا «كارىز تەتقىقات مەركىزى»دەپ ئاتالغان) 1992 ـ يىلى قۇرۇلغان. 22 مو كۆلەمدىكى كارىز سەيلىگاھىنى تۇرپان كارىزلىرىنىڭ ئابىدىسى، كارىزنى تەشۋىق قىلىش، دۇنياغا تونۇتۇشتىكى ئەڭ ياخشى كۆزنەك دېيىشكە بولىدۇ. بۇ جايغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 15 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنىپ، ھەيۋەتلىك دەرۋازا، ماشىنا توختىتىش مەيدانى، كارىز مۇزېيى، يەر ئاستى كارىز تەشمىسى (سەيلە تەشمىسى)، ئۈزۈم بارىڭى، كارىزنىڭ يەر يۈزىدە ئىشلەش مودېل رايونى، سۈنئىي تاغ قاتارلىق ئەسلىھەلەر ياسالغان بولۇپ، بۇ يەرگە كىرگەن كىشى ئۈزۈم بارىڭى، چۈنچە، دېھقان ئۆيلىرى، كارىز بىر گەۋدىلەشكەن تىپىك تۇرپانچە ئالاھىدىلىكنى ھېس قىلالايدۇ، ئۇلۇغ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، تۇرپان خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان كارىزنىڭ تارىخى، ئالاھىدىلىكى، قىممىتى قاتارلىقلاردىن بىۋاستە خەۋەردار بولالايدۇ.

بىز كارىز مۇزېيىغا كىرگىنىمىزدە چۈشەندۈرگۈچى قىز بىزگە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: شىنجاڭدا 1784 كارىز بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5272 كىلومېتىر كېلىدۇ. كارىز چېپىشتا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شارائىت پىشىپ يېتىلگەن بولۇشى كېرەك: بىرىنچىدىن، يەر ئاستى سۈيى مول بولۇشى كېرەك. تۇرپانغا نىسبەتەن شىمالدىكى تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇلار ئىدىقۇت تېغىدا توختاپ، چۆكمە ھاسىل قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن يەر ئاستى سۈيى مەنبەسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، تۇپراق ياخشى بولۇشى كېرەك. تۇرپاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كارىز قېزىلىدىغان بۆلەكلەرنىڭ تۇپرىقى سېغىز تۇپراق بولغاچقا، چىڭ، مۇستەھكەم، كارىز قېزىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.



ئۈچىنچىدىن، مۇۋاپىق يانتۇلۇق بولۇشى كېرەك. تۇرپان بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئارىلىقى 60 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، يەر يۈزى يانتۇلۇقى 400 مېتىرگە يېتىدۇ. شۇڭا كارىز سۈيى تەبىئىي ئېقىپ كېلىدۇ. كارىز چاپقاندا سۇ ئورنىنى بەلگىلەش ئىنتايىن مۇھىم، ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجداتلىرىمىز سايدىكى ئۆسۈملۈكلەرگە ئاساسەن سۇ ئورنىنى بەلگىلىگەن. كارىز چېپىپ

يۇقىرىلىغانچە، تۇپا تارتىش تەس بولۇش، ئۇكسىگېن يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلگەچكە، قۇدۇقنى ئېجاد قىلغان. قۇدۇق ئاساسلىقى يەر ئاستىدىكى تەشىمدىن تۇپا تارتىش، تەشىمنىڭ تۇزلۇكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئۇكسىگېن بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق روللارنى ئۆتەيدۇ. ئادەتتە 10 ـ 30 مېتىردا بىردىن قۇدۇق ئويۇلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر قۇدۇق 100 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. كارىزنى بىر كۈندە ئىككى مېتىر ئەتراپىدا چاپقىلى بولىدۇ. شۇڭا بىر كارىزنى چېپىش ئۈچۈن نەچچە يىل، ھەتتا نەچچە ئون يىل ۋاقىت كېتىدۇ. كارىز چېپىشنى ھېچكىم مەجبۇرلىمايدۇ، دېھقانلار ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزلىرى ئىستىخىيەلىك تەشكىللىنىپ چاپىدۇ.

## كارىزلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا

كارىز سەيلىگاھىنىڭ دىرېكتورى خالىق رېھىم مۇنداق دېدى: سەيلىگاھىمىز قۇرۇلغان 1992 ـ يىلىدىن 2004 ـ يىلىغىچە ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىمنى ئاساسەن سەيلىگاھنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەلەشتۈرۈشكە ئىشلەتتۇق. 2004 ـ يىلىدىن باشلاپ، كارىزلارنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىشكە باشلىدۇق. ھازىرغا قەدەر كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى كارىزلارنى قۇتقۇزۇشقا بىۋاستە ياردەم بەرگەن پۇل 400 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، توقسۇن ناھىيە شا يېزا قاغىچاق كەنتىدىكى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن كارىزنى رېمونت قىلىش، 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، چاتقالدىكى قۇيۇن كارىزنىڭ كۆلى، كارىز ئاغزىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق تۈرلەر بار. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات

جەمئىيىتى 2004 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، تۇرپان، قۇمۇل ئىككى ۋىلايەتتە كارىزلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭدا رايون ۋە يەر ئاستى سۇ ئورنىنى تاللاپ، سۇ سىستېمىسىنى كونكرېت سىزىشتۇرۇپ، ۋەكىل خاراكتېرلىك 21 كارىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. جەمئىيەت يەنە 150 مىڭ يۈەن تېخنىكا كېڭەيتىش مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسىدىكى ساي كارىز، قۈيۈن كارىز، پىچان ناھىيەسىنىڭ لەمجىن بازىرىدىكى ساي كارىز قاتارلىق ئۈچ كارىزنىڭ تىك قۇدۇق ئاغزىنى مۇستەھكەملەش ئۆلگە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغان 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە سۇچىلىق نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە كارىزلارنى تەكشۈرۈش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش، تەتقىق قىلىش، قوغداش، قۇتقۇزۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ھەر خىل يوللار بىلەن مەبلەغ ھەل قىلىپ، كارىزلارنى تەكشۈرۈش، بىر قىسىم كارىزلارنى قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى، كارىز ھەققىدىكى بىر قىسىم تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەپ، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر، تارماقلار ۋە جەمئىيەتنىڭ كارىزلارغا بولغان دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ قېتىمقى دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كارىزلارنى قۇتقۇزۇش دولقۇنىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. 2002 ـ يىلى سۇچىلىق نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە تۇرپان، قۇمۇل

ۋىلايەتلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك سۇچىلىق تارماقلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى كارىزلار بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك، ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈلدى، بۇ خىزمەت 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرى تاماملاندى. مۇشۇ ئاساستا ئالتە تۈرلۈك چوڭ نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. بىرىنچى، كارىز تەتقىقاتچىسى غوپۇر نۇرىدىن تۆلمبۆكنىڭ باشچىلىقىدا «شىنجاڭ كارىزلىرى»ناملىق ئىككى توملۇق، چوڭ ھەجىملىك كىتاب نەشردىن چىقتى. ئىككىنچى، «شىنجاڭ كارىزلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە دەسلەپكى تەتقىقات دوكلاتى»يېزىپ چىقىلدى. غوپۇر نۇرىدىن تۆلمبۆك تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇ تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىشىپ يېزىپ چىققان بۇ «دوكلات»نى كارىزلارنى تەتقىق قىلىش، قوغداش بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەشتىكى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولغان ئىشەنچلىك ماتېرىيال دېيىشكە بولىدۇ. ئۈچىنچى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كارىزلارنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى»تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇلدى. تۆتىنچى، «شىنجاڭدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش يىرىك پىلانى»تۈزۈپ چىقىلدى. بەشىنچى، شىنجاڭدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش يىرىك پىلانى»تۈرىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى دوكلاتى يۇقىرىغا سۇنۇلدى. ئالتىنچى، قىسمەن كارىزلارنى ھەرىكەتچان تەكشۈرۈپ ئۆلچەش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى كارىز بار ياكى كارىزغا ئوخشاش قۇرۇلۇشلار بار دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى. 2005 - يىلى 12 - ئايدا سۇچىلىق نازارىتىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن تۇنجى قېتىم «كارىزلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى»ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك

ئاخبارات ۋاسىتىلىرى كارىزلارنى قوغداش توغرىسىدا «قوروٴلوٴش تەدبىرلىرى ۋە غەيرىي قوروٴلوٴش تەدبىرلىرىنى تەڭ توٴتوٴش» بويىچە توٴر توٴرغوٴزوٴش، قانوٴن توٴرغوٴزوٴش، قانوٴن بويىچە كارىزلارنى قوغداش جەھەتتە يېڭى بىر نۆۋەتلىك جامائەت پىكرى تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدوٴردى. بولوٴپموٴ ھەر دەرىجىلىك خەلق قوروٴلتىيى، سىياسىي كېڭەش ۋەكىللىرى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەملىكەتلىك خەلق قوروٴلتايلىرى ۋە سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىدا تەكلىپ - پىكىرلەرنى ئوتتوٴرىغا قويوٴپ، قانوٴن توٴرغوٴزوٴش شەكلى بىلەن كارىزلارنى قوغداشنى موٴراجىئەت قىلدى. توٴرپان ۋىلايىتى كارىزنى غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا ئىلتىماس قىلىشقا تەييارلىق كۆروٴش خىزمەت گوٴروٴپپىسى قوروٴپ، بوٴ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدوٴردى.

## كارىز دېھقانلارنىڭ جان تومۇرى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرى پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسى تۆت كارىز كەنتى توٴركارىز مەھەللىسىدىكى 300 يىللىق تارىخقا ئىگە. نىياز باقى كارىزىنىڭ سوٴيى توختاپ قالدى، بوٴ كەنتتىكى كارىزچى ئەۋلادى، دېھقان نىياز ئىمىنىياز كۆكرەك كېرىپ ئوتتوٴرىغا چىقىپ، كارىزنى تىرىلدوٴروٴشكە ئاتلاندى، ئوٴ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىككى يىلغا يېقىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، 20 مىڭ يوٴەندىن ئارتوٴق ئىقتىساد سەرپ قىلىپ، كارىزنىڭ لېيىنى بىر سېۋەت، بىر سېۋەتتىن تارتىپ، كۆزنى بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئېچىپ، ھاياتلىق جان تومۇرى ئوٴزوٴلگەن بوٴ كارىزنى تىرىلدوٴروٴۋالدى.

2004 - يىلى 11 - ئايدا پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى قوٴم كارىز كەنتىدىكى 65 ياشقا كىرىپ قالغان دېھقان پارتىيە ئەزاسى



سىيىت سىدىق قۇرۇپ قالغىلى 10 نەچچە يىل بولغان تۇغان كارىزنى تىرىلدۈرۈشكە ئاتلاندى. ئۇ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن بالا - چاقىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، نەچچە يىل قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغقان مال - بىساتىنى، تاغدىكى 100 گە يېقىن قويىنى سېتىپ، ئۆزى يالغۇز 200 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ جۇغلاپ، بۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى كارىز قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى، ماشىنا، تىراكتور، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، ئادەم كۈچى بولۇپ، پۇل يېتىشمىگەندە باشقىلاردىن قەرز ئالدى. ئۇنىڭ بەل قويۇۋەتمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە 2008 - يىلى 11 - ئايدا كارىزدىن سۇ چىقىپ، مەھەللە ئىچىدىكى نەچچە يىلدىن بېرى قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن كارىز كۆلى زۇمرەت سۇغا توشتى.

2008 - يىلى 5 - ئايدا توقسۇن ناھىيە شا يېزا قاغىچاق كەنتىدىكى يۈسۈپ كارىزنىڭ سۈيى توختاپ قالدى. ياقۇپ بارات بىلەن يۈسۈپ بارات 80 نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ كارىزنى قېزىشقا قاتناشقان بولۇپ، 101 ياشقا كىرگەن پېشقەدەم كارىزچى ياقۇپ بارات ھازىرمۇ ھايات ئىدى. كارىزنىڭ توختاپ قېلىشى ياقۇپ باراتقا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن ئوغلى ھاكىمجان ۋە مەھەللىدىكى دېھقانلار ھەرىكەتكە

كېلىپ، كارىزنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى، 4 ـ 5 ئاي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىر يۇسۇپ كارىزنىڭ سۈيى ئېقىپ چىقتى.

ئەلۋەتتە بۇلار بىر قانچە مىسالدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىدىقۇت ۋادىسىدىكى ھەر قايسى كەنت، مەھەللىلەردە دېھقانلار ئىستىخىيەلىك تەشكىللىنىپ، خالىس پۇل، ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ، قەھرىتان قىشلاردا ئايلاپ يېتىپ ـ قوپۇپ ئىشلەپ، كارىزلارنى قۇتقۇزۇۋالغان، لېيىنى تارتقان، ئۇزارتىپ چاپقان، تەشمىنى راۋانلاشتۇرغان تەسىرلىك ھېكايىلەر ئىنتايىن نۇرغۇن، بۇ ھېكايىلەرنى بۇ يەردە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېھقانلىرىمىز كارىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر قانداق جاپا چېكىشتىن، پۈتۈن بىساتىنى سەرپ قىلىشتىن يانمايدۇ، بۇنىڭدىن، دېھقانلارنىڭ كارىزغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى، ئۇنى ئاددىي ھالدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەجداتلارنىڭ مۇقەددەس مىراسى، بوۋىلارنىڭ تەۋەررۈكى، تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس قىسمى سۈپىتىدە قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## كارىزلارنى قوغداشنىڭ قانۇنىي كاپالىتى

2005 ـ يىلى تۇرپان كارىزلىرى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەييارلىق قىلىشى، جاپالىق ئەجىر سىڭدۇرۇشى، لايىھەلەرنى ئەستايىدىل تەييارلىشى نەتىجىسىدە 2006 ـ يىلى

12 ـ ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارىزلارنى قوغداش نىزامى»ئېلان قىلىنىپ، كارىزلارنى قوغداش ھەقىقىي تۈردە قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. «نىزام»ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يەنە كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى «نىزام»نى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىش، كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. «نىزام» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى»نى ئاساس قىلىپ، باشقا ئالاقىدار قانۇنلار، بولۇپمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان. «نىزام»دا ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئادەم بىلەن سۇنىڭ ئىجىللىقى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقى، ھازىرقى زامان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن كارىزلارنىڭ ئىناق بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ھازىرقى زامان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىلا تەكىتلەپ، كارىزلارنى ئىنكار قىلىشقا، شۇنداقلا كارىزلارنىلا تەكىتلەپ، ھازىرقى زامان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، كارىزلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سۇ مەدەنىيەت مىراسى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىدىن بىزگە قالغان قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكى، كارىزلارنى قوغداشتا بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بارلىقى ئىنتايىن گەۋدىلىك، مۇپەسسەل شەرھلەنگەن.

«نىزام»كونكرېت 36 ماددىغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭدا كارىز ئۇقۇمى، كارىز بىلەن ھازىرقى زامان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، كارىزلارنى باشقۇرۇش ۋە قوغداشنىڭ سۈبيېكتى، كارىزلارنى قوغداش پرىنسىپى، كارىزلارنى قوغداش يىرىك پىلانىنى تۈزۈش، سۇ مەنبەسىنى قوغداش، مەجبۇرىي خاراكتېرلىك تەدبىرلەر ۋە كارىز سۈيىنى

ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلار ئېنىق بېكىتىلدى. كارىزلارنى قوغداشتا دەرىجىمۇ دەرىجە باشقۇرۇش تارماقلىرى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ تەستىقلاش تەرتىپى، يىرىك پىلاندىكى قۇرۇپ كەتكەن كارىزلارنى قۇتقۇزۇش ۋە بىراك قىلىش چېكى، كارىزلارنى قوغداش يىرىك پىلانى بىلەن كارىز جايلاشقان جاينىڭ سۇ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا يىرىك پىلانلىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلىدىغان تەلەپلەر، كارىزلارنى قەرەللىك ھەرىكەتچان تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاشقا ئائىت مەزمۇنلار ئېنىق بەلگىلەندى.

## كارىزلارنى قوغداش تەپەككۇرى

2009 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تۇرپان ۋىلايىتىدە ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ كارىزلىرىنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش كۇرسىدا، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوغداش ھەققىدە»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گىدرولوگىيە ـ سۇ بايلىقى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي لېكتور، كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى غوپۇر نۇرىدىن تۆلمبۆك «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارىزلارنى قوغداش نىزامى،توغرىسىدا»، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەركىزىدىن لياڭ تاۋ «شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە قوغداش تەپەككۇرى»، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى شياۋ «كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنى دۇنيا جىسىمسىز مەدەنىيەت

مىراسغا ئىلتىماس قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى»، تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئورنىنىڭ كاندىدات ئالىي ئىنژېنېرى زىلاۋۇدۇن جالالىدىن «تۇرپان كارىزلىرىنى قوغداش تەدبىرلىرى»، تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىنژېنېرى ياڭ جيەنيۇن «تۇرپان ۋىلايىتىدىكى كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش توغرىسىدا»قاتارلىق تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلىدى. كۇرس قاتناشقۇچىلىرىغا «كارىزلارنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش ئەھدىنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى.

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش مەركىزىدىن لياڭ تاۋ «شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە قوغداش تەپەككۇرى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازغان: «كارىز مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى يەرلىك تەبىئىي شارائىت، گىدرولوگىيەلىك ۋە گېئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن كەشىپ قىلغان ئالاھىدە يەر ئاستى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولۇپ، تىك قۇدۇق، تەشمە، تىلما، كارىز كۆلىدىن



ئىبارەت بىر قانچە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا تاغ ئېتىكىدىكى يەر ئاستى ئېقىنىنى باش تولۇقلىغۇچى قىلىش تىپىدىكى، تاغ ئېقىنى ۋە دەريا ئېقىنى يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلىغۇچى قىلىش تىپىدىكى، تۈزلەڭلىكتىكى يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلىغۇچى قىلىش تىپىدىكى كارىز دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. كارىزلارنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، بىرىنچىدىن، كارىز شىنجاڭنىڭ قۇرغاق رايونلىرىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، ئىككىنچىدىن، كارىز مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۈچىنچىدىن، كارىزنى قوغداش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، تۆتىنچىدىن، نۆۋەتتىكى ياخشى بولغان دۆلەت ئىچى مۇھىتى ۋە سىياسەتلەر كارىزلارنى قوغداش ئىشلىرىغا ياخشى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. كارىزلارنى قوغداشتىكى نىشانىمىز: ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قاراتمىلىق هالدا تۈر مەزمۇنى بويىچە قوغداشنى يولغا قويۇپ ، يولغا قويۇشقا بولىدىغان چارە ـ تەدبىرلەرنى بېكىتىپ، كارىزلارنى قوغداش تۈرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كارىزلارنىڭ هازىرقى ساقلىنىش ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئارقىلىق كارىزنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشتۇر. كارىزلارنى قوغداش تۈرىدە يولغا قويۇلىدىغان مەزمۇنلار: شىنجاڭ دائىرىسىدىكى كارىزلارنىڭ جايلىشىشى، سانى، تۈرى ۋە هازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش؛ كارىز كۆشەندىلىرىنىڭ

ئاساسي تۈرى، جايلىشىش قانۇنىيىتى ۋە كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش؛ كارىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇھىت ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش؛ كارىزنىڭ تۇپراق سۈپىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش؛ كارىز قېزىش ھۈنەر - سەنئىتىنى چۈشىنىش؛ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق كارىزلارنىڭ تارىختىكى تەرەققىيات جەريانىنى ئېنىقلاش؛ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئاساسىدا كارىزلارنى قوغداش، پايدىلىنىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. كارىزلارنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى 2009 - يىلى 5 - ئايدىن 2009 - يىلى 6 - ئايغىچە، دالا تەكشۈرۈش باسقۇچى 2009 - يىلى 7- ئايدىن 2010 - يىلى 9 - ئايغىچە ، ماتېرىيال رەتلەش باسقۇچى 2010 - يىلى 10 - ئايدىن 2010 - يىلى 12 - ئايغىچە بولىدۇ.

## كارىزلارنى قوغداش، پايدىلىنىش ئەھدىنامىسى

كارىزلارنى قوغداپ ۋە ئۈنۈملۈك مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمى جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەزكۇر ئەھدىنامە تۈزۈلدى.

بىرىنچى، كارىزلارنى قوغداشتا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، شۇڭا ھەممەيلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارىزلارنى قوغداش نىزامى»غا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، كارىزنىڭ مەركىزىي ئېقىن لىنىيەسى، يەنى

تەشمىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى 30 مېتىر دائىرىدە تېرىقچىلىق قىلىشقا، يول ياساشقا بولمايدۇ، بۇرۇن تېرىلىپ بولغان يەرلەر ياكى ياسىلىپ بولغان قۇرۇلۇشلارنىڭ هازىرقى هالىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، سۇ باشلايدىغان ئۆستەڭ ۋە توسمىلارنى ئىمكانقەدەر كارىز تەشمىسىدىن يىراقراق جايلارغا ياساش كېرەك. كارىز ئەتراپىدا ئۆستەڭ رېمونت قىلىشقا ۋە تۇرلۇك ئىمارەتلەرنى سېلىشقا بولمايدۇ.

تۆتىنچى، كارىزنىڭ قۇدۇق ئاغزى ئەتراپىدىكى توپا دۆۋىسىنى يۆتكەشكە بولمايدۇ، ئەگەر بۇ جايغا كەلكۈن كېلىپ قالسا، كارىزنىڭ ئاغزىنى ئالاھىدە قوغداش كېرەك.

بەشىنچى، هەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ ئاغزىنى يېپىش كېرەك، ياز پەسلىدە ئېهتىياجغا ئاساسەن بەزىلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتسە بولىدۇ.

ئالتىنچى، كارىزدىن نەپ ئالىدىغان كەنت، مەهەللىلەر هەر يىلى مەبلەغ چىقىرىپ ۋە ئەمگەك كۈچى ئۇيۇشتۇرۇپ، كارىزنى ئۇزارتىدۇ، رېمونت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

يەتتىنچى، كارىزنىڭ ئىككى يېنىدىكى شەهەر، يېزا ئاهالىلىرىنىڭ كارىز سۈيىنى قوغداپ، سۇنىڭ بۇلغىنىشىغا قارشى تۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار.

سەككىزىنچى، كارىز تەشمە ئېغىزىدىكى ئاهالىلەر توپلاشقان رايونلاردا ئېچىملىك سۇنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەش كېرەك. بۇ جايلاردا سۇ ئۇزۇشكە، يۇيۇنۇشقا، كىر يۇيۇشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. سۇ مەنبەسىنىڭ پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

توققۇزىنچى، كارىزلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان شەخس ۋە ئورۇنلار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارىزلارنى

قوغداش نىزامى» غا ئاساسەن جازالىنىدۇ.

ئونىنچى، كارىز بار كەنت، مەھەللىلەر چوقۇم كارىز باشقۇرۇش كىچىك گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، كارىزلارنى كۆندە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشى، مەبلەغ، ئەمگەك قاتارلىقلاردا كېڭىشىپ، دېھقانلارنى ئىختىيارىي ئاساستا ھەرىكەتلەندۈرۈشى كېرەك.



# ئۈچىنچى باب  دېھقانلارنىڭ كارىز مۇھەببىتى

## ياشارغان كارىزلار

كارىز ــ ئىدىقۇت دىيارىدىكى مۆجىزىۋى خىسلەتكە ئىگە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى. ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك تۇرپان خەلقى ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، تۇرپاننىڭ ھاۋا كىلىماتى، تەبىئىي شارائىتىغا ماس كېلىدىغان كارىزنى ئىجاد قىلىپ ۋە كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىپ، كۆز يەتكۈسىز بوستانلىقلارنى بەرپا قىلدى ۋە ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ۋاھالەنكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى سۇغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى، يەر ئاستى سۇ يۈزىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئېلېكتىر قۇدۇقلىرىنىڭ كۆپلەپ قېزىلىشى، سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ياسىلىشى بىلەن كارىزلار قۇرۇپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا دېھقانلار پۈتۈنلەي ئېلېكتىر قۇدۇقىنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدىغان، سۇ چىقىمى ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئېغىرلاپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللەندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر قىسىم يېزا، كەنتلەر كارىزلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ياشارتىش، يېڭىدىن چېپىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ بىر خىل ياخشى باشلىنىش.

تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان يار يېزىسىنىڭ جاي كەنتىدە بەش مەھەللە، 2500 مو تېرىلغۇ يەر، 1440 نوپۇس بار بولۇپ، بۇ كەنتتىكى دېھقانلار

ئاساسلىقى ئۈزۈم، كۆكتات، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىلگىرى بۇ كەنت تارلاڭ ئۆستىڭى، يار ئۆستىڭى ۋە كەنتكە قاراشلىق توققۇز كارىزنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىدىغان بولغاچقا، سۈيى مول ھېسابلىناتتى. كارىزنى بىر چېپىپ قويسا، سۈيى سېخىيلىق بىلەن ئېقىپ چىقىۋېرىدىغان بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ سۇ سېلىقىمۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. ناسىر قارى كارىزى قاتارلىق كارىزلار 2200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 80 دەك قۇدۇقى بار، سۈيى ئۇلۇغ كارىزلار ئىدى. كېيىنچە بۇ كەنتكە كېلىدىغان ئۆستەڭ سۈيىنىڭ توختاپ كېتىشى بىلەن ئەتراپتىكى يەرلەر سۇغىرىلماي، يەر ئاستىغا سىڭىدىغان سۇ ئازلاپ كەتتى ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدا كارىزلارنىڭ سۈيىمۇ بارا-بارا ئازلاپ كېتىشكە باشلىدى. دېھقانچىلىقنىڭ ئېھتىياجى چىقىش قىلىنىپ، توك بىلەن سۇ تارتىلىدىغان ئېلېكترلەشكەن قۇدۇقلار كەينى - كەينىدىن كولىنىپ، ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلدى. نەتىجىدە، كارىزلارنىڭ سۈيى توختاپ، كەنت بويىچە ئاران تۆتلا كارىز ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. كەنتتە سۇ قىيىنچىلىقى يۈز بېرىپ، بىر مۇنچە يەرلەر تېرىلماي تاشلىنىپ قالدى. دېھقانلار تۆلەيدىغان سۇ پۇلىمۇ ئېغىرلاپ، بىر مو تېرىلغۇ يەرنىڭ ھەر يىللىق سۇ پۇلى 250 يۈەن ئەتراپىدا بولىدىغان بولدى.

كەنت ئاق تاشلىنىپ قالغان يەرلەرنى باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىپ، بۇ يەردىن قىلغان كىرىمنى يەنە سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلەتتى. ئەڭ مۇھىمى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ تەكلىپى، ئاممىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بويىچە كارىزلارنى ياشارتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

كارىزلارنىڭ كۆپىنچىسى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۆۋەنلەپ

كېتىشى بىلەن سۇيىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن باشقا، كارىز تەشمىسىگە توپا، لاي-لاتقىلارنىڭ توشۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە «قېرىپ» كەتكەن بولۇپ، بۇ يەردىكى مەسىلە كارىزنىڭ «كۆزى»، يەنى قۇدۇق ئاغزىنى كىچىكلىتىپ، توپا سىيرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىلمىدىكى لاي - لاتقىلارنى تازىلاش ئىدى. پېشقەدەملەر ئېيتىدىغان «كارىز(كۆزى) دىن قېرىيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ چوڭقۇر ئاساسى بار بولۇپ، ئادەتتە كارىزلارنىڭ «كۆزى»(قۇدۇق ئاغزى) قىشتا يېپىلاتتى. ئەگەر قىشتا ئوچۇق قالسا قۇدۇق ئاغزىنىڭ ئەتراپى توڭلاپ، ئەتىيازدا ئېرىپ، دەز چىقاتتى - دە، گۇمۇرۇلۇپ كېتەتتى. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ۋاقىتلاردا دېھقانلار كارىزنىڭ «كۆزى»نى ياغاچ، شاخ-شۇمبىلارنى سۆرەپ ئەكېلىپلا ياپىدىغان بولغاچقا، كارىز تەشمىسىنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن تاش، توپىلار سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن، تۈجۈپىلەپ يېپىلمىغاچقا، قۇدۇقنىڭ ئاغزى چوڭىيىپ كەتكەن، بىر قىسىم كارىزلار سۇ ئېرىقىغا يېقىن بولغاچقا نەم تارتىپ، دەز چىقىپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەنىدى. نەتىجىدە، يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، كارىزلارنىڭ «كۆزى» چوڭلاپ، دىيامېتىرى 7 - 8 مېتىرغا يەتكەن، ئىگىلىگەن ئورنى چوڭ بولغاچقا، قىشتا يېپىشتا 4 - 5 تۈپ جۈجەم (ئۈجمە) دەرىخى (جۈجەم دەرىخى نەملىكتىمۇ ئاسان سېسىمايدىغان بولغاچقا، كارىزنىڭ قۇدۇقىنى يېپىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ)، بىر مۇنچە شاخ-شۇمبا، ئادەم كۈچى ئىشلىتىشكە، ھەر بىر كارىزنىڭ «كۆزى» نى يېپىش ئۈچۈن 300 - 400 يۈەن سەرپ قىلىشقا توغرا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قېتىم كارىزنىڭ «كۆزى» نى ياپقاندا تەشمىگە توپا سىيرىلىپ چۈشۈپ، كارىز تەشمىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئېتىلىپ قالغان، سۇ لاي - لاتقىلارنىڭ ئىچىدىن ئاران يول تېپىپ، يورۇقلۇققا چىقىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. بولۇپمۇ،

كارىزلارنىڭ قۇدۇق ئاغزى چوڭلاپ ھەر بىر قۇدۇقنىڭ كارىز «كۆزى» نىڭ ئەتراپىدا يوغان بىر هاڭ، ئويمانلىق پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن يەر ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

جاي كەنتىدە 2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كارىزلارنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن 5 ـ مەھەللىگە قاراشلىق 2100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قېيىش كارىزنىڭ قۇرۇلۇشى ئىشلەندى. بۇنىڭدا ئاۋۋال كارىزچىلار ھەر بىر قۇدۇقتا چۆشۈپ تەشمىنىڭ لېيىنى تارتتى. ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپ، قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە، يەنى «كۆزى»نىڭ كىچىك يېرىگىچە چۈشۈپ، پولات چىۋىق بىلەن جازا قىلىپ، سېمونت لاي بىلەن قاتۇرۇپ چىقتى. ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن توپىنى سېمونت جازىنىڭ كەينىگە، تامغا يۆلەپ ئېلىپ چىڭدىۋەتتى. ھەر بىر قۇدۇق ئۈچۈن 80 كىلوگىرام ئەتراپىدا تۆمۈر، 10خالتىدىن سېمونت ئىشلىتىلدى. لايغا توشۇپ كەتكەن قېيىش كارىزى پۈتۈنلەي تازىلىنىپ، 400 مېتىر يەر يېڭىدىن چېپىلدى، 200 مېتىر جاينىڭ لېيى ئېلىندى. بىر قىسىم بۆلەك كونىسىدىن يېڭىسىغا تۇتاشتۇرۇلدى. بارلىق قۇدۇقلارنىڭ كۆزى بىتون بىلەن قاتۇرۇلۇپ، كىچىكلىتىلىپ، بىر تاختا گېزىتچىلىكلا ھالەتكە كەلتۈرۇلدى. بۇ «كۆز» لەرنى قىشتا بىر پارچە بېتون تاختا بىلەنلا يېپىپ قويغىلى بولىدىغان بولدى. بۇ جەرياندا كارىز قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان 5 ـ مەھەللىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا قادىر، 4 ـ مەھەللىنىڭ باشلىقى ھەبىبۇللا رېقىپ قاتارلىقلار كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك كارىزچىلار بىلەن بىرگە بولۇپ، كارىز قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپەتلىك ئېلىپ بېرىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. جاي كەنتى بۇ قۇرۇلۇشقا 150 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئىقتىساد سەرپ قىلدى، بۇنىڭ بىر قىسمىغا دېھقانلاردىن يىغىلغان پۇل ئىشلىتىلگەن بولسا، بىر

قىسمى بانكىدىن قەرز ئېلىندى. جاي كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەت ئەخمەت مۇنداق دېدى: كارىزلارنى «ياشارتىش» قۇرۇلۇشى كەنتىمىز تارىخىدىكى زور ھەم ئەھمىيەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسەت سۇ مەنبەلىرىنى كۆپەيتىش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت. مانا ھازىر قۇرۇلۇشى تاماملانغان كارىزلار «ياشىرىپ» سۇيى ئۇلغىيىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 20 مو يەرنى سۇغىرالايدىغان، كارىز بار مەھەللىلەردىكى دېھقانلار كارىز سۇيىنى ھەقسىز ئىچىدىغان بولدى. يېزا مەسئۇللىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم نەق مەيدانغا كېلىپ كۆرۈپ، بۇ قۇرۇلۇشقا يۇقىرى باھا بەردى. ئەڭ مۇھىمى دېھقانلار بۇ ئىشنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاپ، قىزغىنلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى. بىز بىر مېتىر كارىزنى 100 يۈەندىن چېپىپ بېرىش شەرتى بىلەن ئايدىڭكۆل يېزىسىدىن كارىزچىلارنى تەكلىپ قىلغانىدۇق، ئۇلار قۇرۇلۇش ئىنتايىن جاپالىق بولغان شارائىتتىمۇ سۈپەتلىك ھەم ئۈنۈملۈك ئىشلىدى. كەنتىمىزدىكى دېھقانلار ئۇلارنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆيلىرىنى ھەقسىز يېتىپ ـ قوپۇشقا، كۆكتاتلىرىنى يېيىشكە بەردى. ئۇلارنى چاقىرىپ داستىخان سالدى.

قۇرۇلۇشقا تەكلىپ قىلىنغان ئايدىڭكۆللۈك كارىزچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇستىلارنىڭ بىرى بولغان ئېگىز بوي، قاتاڭغۇر، چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن، بىر قاراشتا 40 ياشتىن ئاشقاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەن تۇنىياز راخمان بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ 15 يېشىدىن باشلاپ ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، كارىزچىلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ كارىز چېپىشنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلغانىكەن.

— كارىزنىڭ ئىچى سوغۇق، چىلىق ـ چىلىق سۇ بولغاچقا

تەشمىگە پاختىلىق چاپان، رېزىنكە ئىشتان، ئۆتۈك كىيىپ چۈ-
شىدىغان گەپ، ـــ دەپ سۆز باشلىدى تۆنىياز راخمان، ـــ كارىز-
نىڭ ئاستىدا يا ئۆرە تۇرغىلى بولمايدۇ، يا غاچ-غۇچ كەتمەن چاپ-
قىلى بولمايدۇ. بىر يوكۇنۇپ ئولتۇرۇۋالساق تولۇم چاشقانغا
ئوخشاش ئۆمىلەپ، تۇگۇلۇپ ئاز- ئازدىن چوقۇپ، قارا چىراغ-
نىڭ ئاجىز يورۇقىدا ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلەشكە توغرا كې-
لىدۇ، ئادەتتىكى كارىز تەشمىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1.30 مېتىر
ئەتراپىدا، ئىككى قۇدۇقنىڭ ئارىلىقى 20 ـ 30 مېتىر بولىدۇ،
كارىز تەشمىسىنى بەك ئېگىز چېپىۋەتسە ئۆمرى قىسقا بولۇپ
قالىدۇ، شۇڭا ئادەم ئېڭىشىپ ماڭغىدەكلا ئېگىزلىكتە چېپىلى-
دۇ. بەزى كارىزلارنىڭ ئىچىگە چۈشسىڭىز، بولۇپمۇ ئۈستىدىن
سۇ ئېرىقى ئۆتكەن كارىزلارنىڭ ئىچىگە چۈشسىڭىز نەملىك
يۇقىرى بولغاچقا، ئۈستىڭىزدىن يامغۇردەك سۇ چۈشۈپ، سىزگە
نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. مۇشۇ قېيىش كارىزىنىڭ
بىر قىسمىمۇ شۇنداق بولۇپ، كارىزنىڭ ئۈستىدىكى ئېرىقنىڭ
50 مېتىر قىسمىغا سولياۋ يېيىتىپ، تەشمىگە تامچىلاۋاتقان
سۇنى ئازلاتتۇق. ئاندىن تورۇكلاپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ئىچىدە
تىترەپ تۇرساقمۇ، سوغۇققا چىداپ تەشمىنى تازىلىدۇق. بىز
بىر هازا ئىشلىگەندىن كېيىن كارىزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تۇر-
پاننىڭ 7 ـ ئايلىرىدىكى ئىسسىقىدىمۇ يوتقانغا چىڭ پۈركىنىپ،
3 ـ 4 سائەت يېتىۋالغاندىن كېيىن يەنە چۈشۈپ ئىشلەيمىز.
تەشمىنىڭ ئىچىدىكى سوغۇق ئادەمنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرى-
گىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

جاي كەنتى قېيىش كارىزى، ناسىر قارى كارىزى قاتارلىق
چوڭ ئىككى كارىزنى رېمونت قىلىپ «ياشارتىپ» بولغاندىن
كېيىن قالغان ئىككى كارىزنى رېمونت قىلىش ئىشىنى جىددىي
ئېلىپ بارماقتا. مەن بۇ كەنتنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىكى

ئەنئەنىۋى ئەۋزەللىككە ئىگە كارىزلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاقىلانە تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، دېھقانلارنىڭ، كارىزچى ئۇستىلارنىڭ كارىزغا بولغان ئېتىقادىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلار بىلەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوشلاشتىم ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇساپىسىگە ئاق يول تىلىدىم.

(«تۇرپان گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىردىكى سانىدىن ئېلىندى).

## كارىز بىلەن كۆكلىگەن زېمىن

مەڭگۈلۈك تۇسىملارنىڭ ياسىلىشى، سۇ سىڭىمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى، ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇقلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن كولىنىشى بىلەن يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۆۋەنلىشى نەتىجىسىدە تۇرپان ۋىلايىتىدىكى كارىزلارنىڭ سۈيى بارا ـ بارا ئۇزۇلۇشكە باشلىدى. لېكىن، دىيارىمىزدىكى كارىز سۈيىنى ئاساسلىق سۇغىرىش مەنبەسى قىلغان بىر قىسىم كەنتلەر كارىزغا بولغان ئېتىقادىنى قىلچە تەۋرەتمەي كارىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كارىز قۇرۇلۇشىغا ئايانماي مەبلەغ سېلىپ، كارىز سۈيىنىڭ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلمەكتە. پىچان ناھىيەسىنىڭ چىقتىم بازىرى ياقا كارىز كەنتى دەل مۇشۇنداق كەنتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كەنتتىكى دېھقانلار پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، تەجرىبىلىك ۋە ئىرادىلىك كارىزچى ئابدۇرېھىم ھۇسەننىڭ باشچىلىقىدا كارىزلارنى ۋە ئانا زېمىننى ياشارتىپ كەلمەكتە. بۇ كەنتتە ئالدىغا 150 يىل، كەينىگە 110 يىل بولغان، ھەر بىرىنىڭ سۈيى ھازىرقى ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇقلارنىڭ ئۈچىنىڭ سۈيىگە تەڭ كېلىدىغان ئۈچ كارىز بار. بۇ يەردىكى

دېھقانلار ئۆز كارىزلىرىدىن پەخىرلىنىپ، سۇدىن غەم قىلمايدۇ. بۇ كەنتكە قوشنا بولغان باشقا مەھەللىلەرمۇ بۇ كارىزلارنىڭ سۈيىدىن قىشمۇ ياز پايدىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ كەنتنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق كارىز بىلەن كۆكلىگەن زېمىن دېيىشكە بولىدۇ. ياقا كارىز كەنتىدە 92 ئائىلە، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇدىن تەركىب تاپقان 480 نوپۇس بار بولۇپ، بۇ يەردە ئۈچ مىللەت دېھقانلىرى ئىناق - ئىتتىپاق ياشايدۇ. ئەينى يىللاردا بۇ كەنتتە ئاران 500 مو تېرىلغۇ يەر بار بولغاچقا، يەر ئاز بولۇش سەۋەبىدىن دېھقانلار نامراتلىشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 200 يۈەنگە چۈشۈپ قالغانىدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، دېھقانلار كارىزلارغا قايتىدىن ئىشلەپ، سۈيىنى ئۇلغايتتى ۋە مول كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىپ، ھەر يىلى 100 مو يەر ئېچىپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنى 1800 موغا يەتكۈزدى. نەتىجىدە بۇ كەنتتە يەر قىس بولۇش ھالىتى تۈگىتىلىپ، ھەر بىر نوپۇسقا تۆت مودىن يەر توغرا كېلىدىغان بولدى. دېھقانلارنىڭ كىرىمىمۇ ئېشىپ، كىشى بېشى ساپ كىرىمى 2500 يۈەنگە يەتتى. ئادەتتە قۇدۇق سۈيى ئىشلىتىلىدىغان كەنتلەردە تەكلەر يىلدا 7 - 8 قېتىم سۇ ئىچەلەيدىغان، بىر مو يەرنىڭ سۇ پۇلى 15 يۈەنگە يەتكەن بولسا، بۇ كەنتتە سۇ مول بولغاچقا، تەكلەر 11 قېتىم سۇ ئىچەلەيدىغان، بىر مو يەرنىڭ سۇ ھەققى يەتتە يۈەن بىلەنلا تۈگەيدىغان شارائىت يارىتىلدى. ھەتتا 2001 - يىلى تەك مەيدانلىرىدا ئاپەت كۆرۈلگەچكە، كەنت دېھقانلارغا ئېتىبار قىلىپ، بىر مو يەرنىڭ سۇ پۇلىنى تۆت يۈەندىنلا يىغدى. سۇ پۇلىدىكى بۇ خىل ئەرزانلىقمۇ، دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى. كەنتتىكى دېھقانلار يەنە قىشتا ئاشقان سۇلاردا توك سېلىش ئارقىلىق، ھەر يىلى ئورمان تىكىپ، كەنتنى بۈك - باراقسانلىق زېمىنغا

ئايلاندۇردى. 200 مو يەرگە ئۆرۈك، چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلگەن باغ بىنا قىلدى. بىر قىسىم ئېشىنچا سۇنى باشقا كەنتلەرگە سېتىپ، خېلى كۆپ كىرىمگە ئىگە بولدى. دېمەك، ياقا كارىز كەنتىنىڭ چىقتىم بازىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى باي كەنتكە ئايلىنالىشىنى بۇ كەنتتىكى ئابىھايات كارىزلارنىڭ شاپائىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## كارىزچى ئەجدادلار

چىقتىم بازىرىنىڭ ياقا كارىز كەنتىدىكى مەيلى كارىز چېپىشتا ياكى چېلىشلاردا بولسۇن «زور» دېگەن لەقەم بىلەن خەلققە تونۇلغان ئابدۇرېھىم ھوسەن ئۈچ ئەۋلادتىن تارتىپ ياقا كارىز كەنتىدە ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانلارنى باشلاپ كارىز چېپىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە. ئابدۇرېھىم ھوسەننىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۈچ ئەۋلادتىن بۇيان كارىز چېپىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ. بوۋىسى ھەۋزۇل بوتۇڭ (كارىز چېپىشتا باشلامچى بولىدىغان، تېخنىكىسى يۇقىرى كىشى) 45 يىل، دادىسى ھوسەن بوتۇڭ 30 يىل، ئۆزى 25 يىل بولۇپ، ئۈچ ئەۋلاد جەمئىي 100 يىل كارىز چېپىپتۇ. كەنتتىكى ئۈچ كارىزنى چېپىپ سۇ باشلاش، كېيىنچە كارىزلارنى بېشىغا ئۇزارتىپ چېپىپ، سۈيىنى كۆپەيتىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارغا بۇ ئۈچ ئەۋلادنىڭ كۆپ مېھنەت تەرى سىڭىپتۇ. ئابدۇرېھىم ھوسەننىڭ بوۋىسى ھەۋزۇل بوتۇڭ 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كارىز چېپىش ئىشىنى ئوغلى ھوسەن بوتۇڭ داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھوسەن بوتۇڭ 1979 ـ يىلى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كەنتتە كارىز چېپىش ئىشى تەبىئىي ھالدا ئابدۇرېھىم ھوسەننىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپتۇ.

ھەۋزۇل بوتۇڭ دېھقانلارنى يېتەكلەپ، كەنتتىكى ئۈچ تال
كارىزنىڭ ئىككىسى، يەنى ھەمدۇل موللىنىڭ كارىزى بىلەن
ئۈندۈر شاڭيونىڭ كارىزىنى چاپقان ئىكەن. ھۇسەن بوتۇڭ
ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەنتتىكى ئۈچ
كارىزنىڭ سۈيىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي يىلمۇ يىل كۆپەيتىپ،
كارىز چېپىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. دەۋر چاقى چۆرگىلەپ كارىز
چېپىش ئابدۇرېھىم ھۇسەنگە كەلگەندە ئادەم ۋە يەر كۆپىيىپ،
سۇغا بولغان ئېھتىياج جىددىي ئاشتى. سۇنىڭ يېزا
ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن
ئابدۇرېھىم ھۇسەن تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن كارىزنى بېشىغا
ئۈزارتىپ چېپىش، لېيىنى ئادالاش، رېمونت قىلىش قاتارلىق
ئىشلارنى ئىشلەپ، كارىز سۈيىنى ئىلگىرىكىدىن ئۇلغايتىپ، يەر
بىلەن سۇ، ئادەم بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۈنۈملۈك
ھەل قىلدى. ياقا كارىز كەنتىدە، مۇشۇنداق تۆھپىكار كارىزچى
ئەجدادلار ۋە بۇ كەسپكە ۋارىسلىق قىلغان ئېتىقادلىق ئەۋلادلار



بولغاچقىلا، بۇ يەردىكى كارىزلار خۇددى زېمىن ئانىسىنىڭ مەڭگۈ ئۆزۈلمەس مېھرى ـ مۇھەببىتىدەك توختىماي ئېقىپ تۇرماقتا. بۇ كەنتتە ھازىرمۇ 30 غا يېقىن كارىزچى بار بولۇپ، بۇ شەرەپلىك كەسىپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## كارىز چېپىش تېخنىكىسى

ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن يىللىق كارىزچىلىق ئەنئەنىسى جەريانىدا ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلىپ، كېيىنكىلەر پايدىلانغۇدەك ئېسىل ئۆرنەكلەرنى قالدۇردى. كارىز چېپىش قايسى ئادەم قىلسا بولۇۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، كارىز چېپىشتا يۇقىرى تېخنىكا، تەجرىبە ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بولمىسا بولمايدۇ. كارىزلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشى ۋە سانىنىڭ كېمىيىپ، كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئازىيىپ بېرىشى بىلەن كارىز چاپىدىغان كىشىلەرمۇ بارغانسېرى ئازايماقتا. كارىز چېپىشتىكى تېخنىكا، تەجرىبە ۋە كارىز چېپىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمانلارمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلماقتا. ھازىرقى بىر ئەۋلاد كىشىلەر پەقەت كارىز مۇزېيىدىنلا كارىز چېپىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى كۆرەلەيدىغان، قورال ـ سايمانلار بىلەن تونۇشالايدىغان بولۇپ قالدى. چىقتىم بازىرى ياقا كارىز كەنتىدىكى كارىز چېپىشنى ئۈچ ئەۋلادتىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان، سۇيى توختاپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان نۇرغۇن كارىزلارنى قايتىدىن ياشارتقان ئابدۇرېھىم ھوسەننىڭ دېيىشىچە، كارىز چېپىشتا تەجرىبىسى مول، تېخنىكىسى يۇقىرى كارىزچىلار كارىز تەشمىسىنى چاپقاندا كارىز چىرىقىنى بەلگە قىلىپ، كۆز بىلەنلا ئۆدۈللۈكىنى مۆلچەرلەپ تەشمىنى چېپىپ ماڭىدىكەن. مۇشۇ

ئۇسۇل بىلەن كەنتتىكى كارىزچىلار ئەترىتى چاپقان كارىزلارنىڭ تەشمىسىدە تۇرۇپ 350 مېتىر يىراقلىقتىكى ئادەملەرنى كۆرگىلى بولىدىكەن. مۇبادا تېخنىكىدا سەللا خاتالىق كۆرۈلسە تەشمە بىر تەرەپكە قىيىپ كېتىپ، كارىز چېپىشتا نۇرغۇن بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ۋە زىيانلار كېلىپ چىقىدىكەن. كارىز چېپىش بىر خىل قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ ۋە ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان قۇرۇلۇش بولۇش سەۋەبىدىن نۆۋەتتە كارىز چاپىدىغانلار، كارىزغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار بارغانسېرى ئازلاپ بارماقتا. ئەمما شۇنى



ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، كارىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان بىر تۈرلۈك قىممەتلىك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت مىراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختا ئۆز رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ.

# ياقا كارىز كەنتىدىكى كارىزلار

ھەممە يەر مولچىلىق، مول-ھوسۇل شادلىقىغا چۆمگەن 2002 ـ يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئايلىرىدا پىچان ناھىيەسىنىڭ چىقتىم بازىرىغا مۇخبىرلىقا باردۇق. بۇ بازاردا مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا بازارغا قاراشلىق ياقا كارىز كەنتىدە سۈيى ئۈلۈغ ئۈچ كارىزنىڭ ھازىرمۇ دېھقانلارنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ كارىزلارنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ياقا كارىز كەنتىگە كەلدۇق. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئۇزۇن يىللىق كارىزچى ئابدۇرېھىم زور (ئابدۇرېھىم ھۇسەننىڭ لەقىمى «زور» ئىكەن) نىڭ ھويلىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ئۇندۇر شاڭيو كارىزىنىڭ تىلىمىسىدىن ئويناقشىپ چىقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۇزۇك، ئۇلۇغ سۇ، تىلىمىنىڭ ئىككى يېقىدىكى بوك ـ باراقسان قارا ياغاچ، سۆگەت، تېرەك قاتارلىق دەل ـ دەرەخلەر، سەل تۆۋەندىكى ئەتراپىغا مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان كارىزكۆلى بىزنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. تىلىمىنىڭ كۆلگە قۇيۇلىدىغان جايىدىكى سۇ بويىغا سېمونت بىلەن قاتۇرۇلۇپ، پەلەمپەيسىمان ئورۇن ياسالغان بولۇپ، بۇ يەردە سۇ ئېلىۋاتقان، كىر يۇيۇۋاتقان، خۇشال ئويناۋاتقان باللار تەسەۋۋۇرىمىزنى باللىق چاغلىرىمىزغا، گۈزەل سەھرالىرىمىزغا باشلاپ كەتتى. كارىزلار كۆنسېرى قۇرۇپ كېتىۋاتقان، سۈيى ئازلاپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇنچىلىك سۈيى ئۇلۇغ كارىزلارنىڭ بولۇشى بىزنىڭ ئىلھامىمىزنى قوزغىدى. بۇ زېمىنغا ھاياتلىق بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقان، ھازىرقى ۋەزىيەتتە سۈيىنىڭ ئۇلۇغلىقى جەھەتتە ۋىلايىتىمىزدە كەم ئۇچرايدىغان ياقا كارىز كەنتىدىكى بۇ ئۈچ

كارىزنى تۈنۈشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق. ئۇندۇر شاڭيو كارىزى: بۇ كارىزنىڭ چېپىلغىنىغا 120 يىل بولغان. كارىزنى شۇ ئەتراپتىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى چاپقان بولسىمۇ، ئەمما كارىز چېپىش پۇلىنى ئەينى يىللىرى كارىزنى چاپتۇرغان خۇيزۇ باي چىقارغان بولغاچقا، كارىزنىڭ ئىسمى شۇ بايىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، هازىرغىچە شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. كارىز دەسلەپ چېپىلغاندا ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىردىن سەللا ئاشىدىغان بولۇپ، كۈنىگە ئارانلا 5 ـ 6 مو يەرنى سۇغىرالايتتى. 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە كارىز سۈيى يەنىمۇ ئازلاپ، ئۇزۇلۇپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا كەنتتىكىلەر كارىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۇختىماي ئىشلەپ، كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى يەتتە كىلومېتىرغا يەتكۈزۈپ، سۇغىرىش ئىقتىدارىنى كۈنىگە 45 مو يەرنى باسالايدىغان هالەتكە يەتكۈزدى. ماشى كارىزى: بۇ كارىزمۇ يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. كارىزنىڭ ئىسمى ئەينى يىللىرى كارىزنى چاپتۇرغان خۇيزۇ بايىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇ كارىز دەسلەپتە ئانچە ئۇزۇن چېپىلمىغان، سۇ مىقدارىمۇ ئازراق بولۇپ، كارىز سۈيى ئادەم ۋە چارۋا ـ ماللارنىڭ ئىچىشى، ئېشىپ قالغاندا تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. 70 ـ يىللاردىن كېيىن، كارىز داۋاملىق بېشىغا ئۇزارتىپ چېپىلىپ، نۆۋەتتە كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلگەن، كارىز سۈيىمۇ كۆپىيىپ، كۈنىگە نەچچە ئون مو يەرنى سۇغىرىدىغان هالەتكە يەتكەن. ھەمدۇل موللىنىڭ كارىزى: بۇ ناھىيە بويىچە يىراق ـ يېقىنغا داڭقى بار سۈيى ئۇلۇغ كارىزلارنىڭ بىرى. بۇ كارىز يۈز نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، كەنتتىكى كارىزلارنىڭ «ئاكىسى» دېيىشكە بولىدۇ. كارىز دەسلەپتە چېپىلغاندا، ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ،

كۆنىگە 5 ـ 6 مو يەرنى سۇغىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. كېيىنچە سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى، كارىزغا ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ ئازلاپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كارىز سۈيى ئازلاپ كۆنىگە ئارانلا بىر مو يەرنى سۇغىرالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، كارىز سۈيى توختاپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. 1964 ـ يىلىدىن باشلاپ، كەنتتىكى دېھقانلار ھازىرغىچە كارىزنى بېشىغا ئۇزارتىپ چېپىپ، كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئون كىلومېتىرغا يەتكۈزدى. كارىز سۈيىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كۆپىيىپ، كۈنىگە 60 مو يەرنى سۇغىرالايدىغان سەۋىيەگە يەتتى.

## ھاياتلىق بۇلىقىنى ياشارتقۇچى

پىچان ناھىيەسىدە كارىز تىلغا ئېلىنسا نۇرغۇن دېھقانلار «كارىز ئوغلى» دەپ نام ئالغان چىقتىم بازىرى ياقا كارىز كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئابدۇرېھىم ھۇسەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىدۇ. ئابدۇرېھىم ھۇسەن بۇ يىل (2002 ـ يىلى) 55 ياشتا بولۇپ، تەمبەل بەستىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئابدۇرېھىم ھۇسەن 1964 ـ يىلىدىن باشلاپ كارىز چېپىشنى باشلىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ كەنتنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان ھارۋىكەش ئىدى. شۇ يىلى ئاتىسى ئۇنىڭغا «ھەقىقىي ئوغۇل بالا بولماقچى بولساڭ كارىزغا چىقىپ ئىشلە» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىم ھۇسەن كارىزغا ئىشلەش ئۈچۈن بىر چىقىپ كېتىپ، تۆت ئاي كارىزدىن كەلمەي ئىشلىدى. كارىزغا ئىشلەش جەريانىدا كۈنىگە ئۈچ مېتىردىن كارىز چېپىپ، تەڭ قۇراملىقلىرى ئىچىدە كارىز چېپىشتا ئالدىغا ئۆزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىم ھۇسەننىڭ كارىز چېپىش ھاياتى باشلاندى.

1975 ـ يىلىغىچە كارىزغا ئىشلەش جەريانىدا ئەسلىدە سۈيى ئۇ ـ زۇلۇپ قالاي دېگەن، سۇ مىقدارى ئازىيىپ كەتكەن كارىزلارنى بېشىغا قايتىدىن ئۆزارتىپ چېپىپ، لېيىنى ئادالاپ كۈنىگە 10 ـ 15 مو يەر سۇغىرىدىغان هالەتكە كەلتۈردى. دېھقانلار ئابدۇرېھىم هۇسەنىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە قايىل بو ـ لۇپ، ئۇنى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قىلىپ ساي ـ لىدى. 1990 ـ يىلى قىشتا كەنتتىكى ئەڭ ئۇزۇن كارىز ـــ هەمدۇل موللىنىڭ كارىزىنى بېشىغا ئۆزارتىپ چېپىش، سۈيىنى كۆپەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئابدۇرېھىم هۇسەن دېھقانلارنى باشلاپ كەنتتىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كارىزنىڭ بې ـ شىغا يېتىپ كېلىپ، ئىشنى باشلىۋەتتى. كارىزنى چېپىش جەريانىدا نەچچە تونىا كەلگۈدەك چوڭ قورام تاش كارىزچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. قورام تاشنى ئايلىنىپ ئۆتكەندە ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ ۋە ۋاقىت ئىسراپ بولاتتى. ئابدۇرېھىم هۇسەن كا ـ رىزچىلارغا خاس غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن كارىز بېشىغا بىر ئېغىز ئۆي سېلىپ، شۇ ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ، 15 كۈن توختى ـ ماي كارىز چاپتى ۋە ئاخىر كارىز يولىنى توسۇپ تۇرغان قورام تاشنى ئېلىۋەتتى. كارىز سۈيى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، ئەسلى ـ دە 10 نەچچە مو يەرنى سۇغىرىدىغان كارىز 40 ـ 50 مو يەرنى سۇغىرىدىغان هالەتكە كەلدى، كەنتتىكى دېھقانلار ئابدۇرېھىم هۇسەنگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئابدۇرېھىم هۇسەن كارىزغا ئىش ـ لەۋاتقاندا ئۇنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بو ـ لۇپ باهالانغانلىقى، ئۈرۈمچىگە تەقدىرلەش يىغىنىغا بېرىشى ئۇقتۇرۇلدى. بىراق، ئۇ كارىز چېپىشنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يىغىنغا قاتنىشالمايدىغانلىقى ـ نى بىلدۈردى. ئاپتونوم رايون رەهبەرلىرى ئابدۇرېھىم هۇسەنىنىڭ بۇ ئىشىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايىل بولدى ۋە ناهىيە

رەھبەرلىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئابدۇرېھىم ھۇسەننى تەقدىرلەشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئابدۇرېھىم ھۇسەن كۆكرىكىگە قىزىل گۈل تاقاپ گۈلدۇراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قولىدىن شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. 1991 - يىلى ئابدۇرېھىم ھۇسەن مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ، بېيجىڭغا بېرىپ يىغىنغا قاتناشتى. مانا بۇ شان - شەرەپلەر پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭ كارىز چېپىپ، يەرنى كۆپەيتىپ، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلىگەنلىكىگە بەرگەن جاۋابى ئىدى. 1998 - يىلى 3 - ئايدا، سۇ ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مەرھۇم تۇرسۇن توختى خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ قۇمۇلغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چىقتىم بازىرىنىڭ ياقا كارىز كەنتىدە ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە ئۈچ كارىزنىڭ ۋە ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ كارىزچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر كارىزچىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ياقا كارىز كەنتىگە كەلدى. تۇرسۇن نازىر بۇ يەردىكى كارىزلارنى كۆرۈپ، ئابدۇرېھىم ھۇسەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى: «سەن ئىسمى-جىسمىڭغا لايىق زور ئىكەنسەن، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپسەن، كارىزغا بولغان ئېتىقادىڭ ھەرگىز تەۋرىنىپ قالمىسۇن»دەپ ماختىدى ۋە قىيىنچىلىق بولسا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇرېھىم ھۇسەن كارىز چېپىش مەبلىغىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، تۇرسۇن نازىر دەرھال 80 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بەردى. ئابدۇرېھىم ھۇسەن 30 يىلغا يېقىن كارىز چېپىش جەريانىدا كارىزغا بىر مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سالدى. كەنت ئىشلىرى قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، مەبلەغكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۆز يېنىدىن 100 نەچچە مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ،

كەنتنىڭ ئىشلىتىپ تورۇشى ئۇچۇن ئارىيەت بەردى. ئابدۇرېھىم ھۇسەن ھازىر كارىزلارنىڭ باش قىسمىدىكى كەلكۈن يولىغا مۇداپىئە توسمىسى قۇرۇش، بۇنىڭ ئۇچۇن كېتىدىغان 320 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ھەل قىلىش ئۇچۇن ئىزدەنمەكتە. ئەگەر مۇداپىئە توسمىسى ياسالمىسا، تاساددىپىي كەلكۈن كېلىپ، كەلكۈن سۈيى كارىزلارنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتسە، كارىزلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇشى مۇمكىن. كارىزلار ۋە كارىزغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر بارغانچە ئازىيىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مەشھور سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت مىراسى بولغان كارىزنى قوغداش يولىدا جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ئابدۇرېھىم ھۇسەنگە ئوخشاش ئېتىقادلىق كىشىلەرنى قوللاش، ياردەم بېرىش ھەربىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى، ئەلۋەتتە.

## كارىزنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلگۈسى

گەرچە كارىزلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاپ، كارىز چېپىش ئەنئەنىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بىر قىسىم يېزا، بازارلاردا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئابدۇرېھىم زورغا ئوخشاش كارىزغا بىر ئۆمۈر ئەقىدە قىلىپ، بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان، يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس. يەنە دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى بىر قىسىم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر خېلى بۇرۇنلا كارىزغا دىققەت قىلىپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇردى. 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كارىز تەتقىقات كەسپىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، كارىز تەتقىقاتى ئۇچۇن مەخسۇس ئادەم ۋە مەبلەغ ئاجرىتىلدى. مۇشۇ ئاساستا

تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدىن 5000 كىۋادرات مېتىرلىق يەر ئېلىپ، كۆرگەزمە ئۈچۈن بىر كارىز تەييارلىنىپ، كارىز تەتقىقات مەركىزى بەرپا قىلىندى. 1993 ـ يىلى 15 ـ فېۋرال كۈنى بۇ مەركەزدە تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەمئىيەت كارىز تەتقىقاتى، كارىزلارنى قوغداش، كارىزلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1999 ـ يىلى «دېلۇڭ»گۇرۇھى شىركىتى يار يېزىسى تەۋەسىدە كارىز مۇزېيىنى قۇردى. بۇ ئىككى ئورۇن تۇرپان كارىزلىرىنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە تونۇشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ كارىزغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كارىزلارنى ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. يېقىندا يەنە تۇرپان شەھىرىدە پاكىز، سۈزۈك، ساپ بولغان كارىز سۈيىنى خام ئەشيا قىلغان «كارىز» ماركىلىق مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، بۇ سۇ تەبىئىيلىكى، سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بازىرى ئىتتىك تاۋارغا ئايلاندى. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساياھەتچىلىك تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلانغان، ھەر يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كۆپلىگەن مېھمانلار كېلىدىغان تۇرپانغا نىسبەتەن قەدىمكى مەدەنىيەت جەۋھىرى بولغان كارىز ئۆزۈم شەھىرىنىڭ كوزىر بايلىقىغا ئايلانماقتا. كارىز ۋە ئابىھايات كارىز سۈيى — مەشھۇر ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش، تەبىئەتنى كۆكەرتكۈچى سۇ بولۇپلا قالماستىن، كۆزنى چاقنىتىدىغان، ساياھەت ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئېسىل يادىكارلىق، يۇرەكنى ياشارتقۇچى قىممەتلىك ئىچىملىك بولۇپ، تاۋارلىق قىممىتىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرمەكتە. پارتىيە، ھۆكۈمەت ھەر دەرىجىلىك

تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، تۇرپاندىكى ھەربىر ئادەمنىڭ مەسئۇل بولۇشى، يۇقىرىقىدەك پايدىلىق پۇرسەتلەرنىڭ قۇچاق ئېچىشى ئارقىسىدا كارىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالى يەنىمۇ پارلاق بولغۇسى.

(«تۇرپان گېزىتى»نىڭ 2002 ـ يىلى 11 ـ دېكابىردىكى سانىدىن ئېلىندى).

## ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۇ — كۆز يېشىمىز بولۇپ قالمىسۇن

جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش: ئەگەر مۇشۇ تەرىقىدە مېڭىۋەرسەك، 50 يىلدىن كېيىن تۇرپان رايونىدا جىددىي سۇ كىرىزىسى يۈز بېرىپ، ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇشىمىز، ئەۋلادلار ئالدىدا ئېغىر جاۋابكار بولۇشىمىز مۇمكىن.

چوڭقۇر ئەپسۇسلۇق: تۇرپاندا سۇ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ئەڭ گەۋدىلىك، سۇ ۋەزىيىتى ئەڭ جىددىي ـ يۇ، ئامما سۇ تېجەش ئېڭى تۆۋەن، سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر.

تەخىرسىز خىتاب: نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ھاياتلىق ئاتا قىلىپ كەلگەن ئانا يۇرتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، ھەر بىر پۇقرا مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ سۇنى تېجەشى، ھەر بىر تامچە سۇنى قەدىرلىشى زۆرۈر.

ئىشەنچكە تولغان ئۈمىد: تۇرپان ۋىلايىتى ھازىرقى سۇ ۋەزىيىتىگە جىددىي قاراپ، پۈتۈن جەمئىيەتكە «سۇ تېجەشچان جەمئىيەت بەرپا قىلىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى.

## تارىختىكى سۇ

سۇ تارىخىمىزنىڭ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ، مەۋجۇدلۇقىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. سۇنىڭ مۇقەددەس خاسىيىتىنى بۇرۇنلا چۈشەنگەن ئۇلۇغ خەلقىمىز يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ سۇنى قەدىرلەپ، سۇنى ئۇلۇغلاپ، سۇغا چوقۇنۇپ، سۇنى توتېم قىلىپ كەلگەن، سۇنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، سۇ بولسا ھەممە بولىدىغانلىقىنى، سۇ بايلىقى شۇ قەدەر مول بولسىمۇ، سۇنى قەدىرلەشنىڭ يەنىلا ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار خۇددى غايىۋى ئىلاھقا، جانلىق مەۋجۇداتقا مۇئامىلە قىلغاندەك نەزەردە قاراپ، سۇغا چوقۇنىدىغان، ئۇلۇغلايدىغان ھەرخىل ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. سۇ ئىسراپچىلىقىنى ئېغىر گۇمراھلىق ھېسابلىغان. كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە ئەجدادلىرىمىز «سۇ يەرنىڭ قېنى»، «سۇ ئىچكەن كۆلگە تۈكۈرمە»، «سۇسىز ھايات بولماس، ئەمگەكسىز راھەت بولماس»، «ئېرىقىڭ سۇغا تولسا، ئامبىرىڭ ئاشقا تولار»، «سۇغا ھاجەت قىلسا يامان بولىدۇ» دېگەندەك مۇقەددەس ھېكمەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، سۇغا بولغان ھۆرمىتىنى، سۇنى قەدىرلەشكە بولغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن، ئەۋلادلارنى قەتئىي ھالدا سۇنى قەدىرلەشكە چاقىرغان.

1986 ـ يىلى توقسۇن ناھىيەسىنىڭ كۆرجەي بازىرىدىن مىلادىيەدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىكى قىياتاش سۈرەتلىرى تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ، ھەيۋەتلىك، تەكشى يۈزى ئىككى ئۆيچىلىك كېلىدىغان قىياتاشقا ئويۇلغان بىر تاش خەرىتە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېقىنلار، كۆللەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ تاش خەرىتىنى ئالىملار: « قەدىمكى زامان ئۇۋچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، يەنى بۇنىڭدىن 4000 ـ 6000 يىللار بۇرۇنقى مەزگىلدىن تارتىپ، ھون ئىمپېرىيەسى

دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرلەر) ۋە قەدىمكى تۈرك خانلىقى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ قىممەتلىك «تاش خەرىتە» نەچچە مىڭ يىللىق جۇدۇن ـ چاپقۇن، كۈچلۈك كۈن نۇرىنىڭ تەسىرىدە چاك كېتىپ، يېرىلىپ، خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان 40 ـ 50 كە يېقىن بۇلاق بېشى، ئېقىن سۇ، كۆلچەك ۋە بىر مۇنچە ھەرخىل قىياپەتتىكى ھايۋانات رەسىملىرىنى بىرمۇ بىر ساناپ چىققىلى بولىدۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، تاشقا ئويۇلغان چوڭ ـ كىچىك ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى، قوشۇلغان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى كۆلچەكلەرگە قويۇلۇپ، ئاخىردا بەزى چوڭراق ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغانلىقىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ قىيا تاش سۈرىتى «تاش خەرىتە» بولۇشتىن سىرت يەنە «قەدىمكى زامان سۇ سىستېمىسى خەرىتىسى» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى قەدىرلەش ئىدىيەسى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز تۇرپاننىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان، ھاۋاسى قۇرغاق، ئىسسىق، يەر ئۈستى سۈيى كەمچىل، يەر ئاستى سۈيى مول بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، كارىزدىن ئىبارەت مۆجىزىلىك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى كەشىپ قىلغان. تۇرپاننىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغان بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئىدىقۇت بوستانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئويناش بىلەن بىرگە، مەدەنىيەت پىرامىداسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇرپان خەلقىنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىنمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇڭا، تۇرپاندىكى كۆپلىگەن يەر ـ جايناملىرى كارىزلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭدىنمۇ خەلقىمىزنىڭ سۇ بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھايات قىسمىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## باللىقتىكى سۇ

مەن يىراق سەھرادا تۇغۇلۇپ، ئېسىمنى بىلگەن چاغدا، پۈتكۈل ھايات پائالىيىتىمىزنىڭ سۇ بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم. ئۆيىمىزنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى چوڭ يول بويىدا، غەرب تەرىپىدىكى ئېتىزلىقلارنىڭ ئارىسىدا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۈيى پاكىز قۇملار بىلەن بىرگە توختىماي بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ تۇرىدىغان، سۈيىدە كىچىك بېلىقلار پىلتىڭلاپ ئۈيناپ تۇرىدىغان بۇلاقلار بار ئىدى. بۇ بۇلاقلار مەھەللىمىزنىڭ تۆت ئەتراپىغا يۇلتۇزلاردەك تارالغان بولۇپ، بۈك ـ باراقسان ئورمان، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ئورالغان بۇلاق بويلىرى بىز بالىلارنىڭ جەننىتى ئىدى. بىز دائىم بۇ يەرلەرگە كېلىۋېلىپ، قۇملارنى توسۇپ كىچىك بېلىقلارنى تۇتۇپ، يەنە قويۇپ بېرىپ، كۆڭۈل ئاچاتتۇق. ئۆيدىن ئېلىپ چىققان قاتتىق نانلارنى بۇلاق سۈيىگە تاشلاپ، ئېقىپ خېلى يەرگە بارغاندىن كېيىن تۇتىۋېلىپ، يۇمشاپ كۆپۈپ تاتلىق بولۇپ كەتكەن نانلىرىمىزنى مەززە قىلىپ يەيتتۇق. بۇلاق سۇلىرى شۇنچىلىك سۈزۈك، مۇزدەك، تاتلىق بولاتتى. ئۆيىمىزنىڭ كەينىدە چوڭ بىر كۆل بار ئىدى. مەھەللىدىكى سۇلار بۇ كۆلگە توپلىنىپ، كۆل توشقاندىن كېيىن يەرلەر سۇغىرىلاتتى. كۆلنىڭ ئەتراپى يىكەنلىك، ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارالدا تاللار ئۆسكەن بولۇپ، ياز كۈنلىرى بۇ يەردە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان بالىلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئۈزۈلمەيتتى. كېيىن بۇلاقلار قۇرۇشقا باشلىدى. (مەھەللىمىزنىڭ ئۈستى تەرىپىدە نۇرغۇن كارىزلار بار بولۇپ، مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا قۇرۇپ كەتكەن ئىكەن). شۇنىڭ بىلەن مەھەللىمىزدە ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار پەيدا بولدى.

نەتىجىدە، ئاخىرقى بىر قانچە بۇلاقمۇ قۇرۇپ تۈگىدى. بۇ چاغلاردا سۇ قۇدۇقلىرىدىن سۇ تارتىش ئۈچۈن گېنېراتور ئىشلىتىلەتتى. ھەر كۈنى سەھەردە، كەچتە سۇ تارتىش ئۈچۈن ئوت ئالدۇرۇلغان گېنېراتورنىڭ تاتىلدىغان ئاۋازى ياڭرىشى بىلەنلا، ھەممە ياقتىن بۇ ئاۋازغا شەرتلىك رېفلېكس بولۇپ قالغان قوي - كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ئاڭلىناتتى. كىشىلەر ئۆي - ئۆيلەردىن ئەپكەش - چېلەكلىرىنى، تۇڭ - چۆگۈنلىرىنى كۆتۈرۈپ، سۇ ئېلىۋالغىلى قۇدۇق بېشىغا قاراپ ماڭاتتى. كېيىنچە مەھەللە ئەتراپىدىكى قۇدۇقلارنىڭمۇ سۈيى ئازىيىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنىمۇ يۇقىرىغا، يەنىمۇ چوڭقۇر قۇدۇقلارنى قېزىشقا توغرا كەلدى. ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى كۆلمۇ قۇرۇپ كەتتى. مەن ئاستا - ئاستا قۇرۇپ كېتىۋاتقان بۇلاق، كۆللەرنى، سۇغا تەشنا بولۇپ، سارغىيىۋاتقان ئۈجمە (جۈجەم) يوپۇرماقلىرىنى، سۇدىن ئايرىلىپ، شوخلۇقىنى يوقىتىۋاتقان مەسۇم باللارنى، كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان يەر سۇغىرىش ھەققىنى كۆرۈپ چوڭ بولدۇم.



## هازىرقى سۇ

ھازىر ھەر قېتىم مەھەللەمگە بارسام، مەھەللە كوچىلىرىنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئۇجمىلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، يوللارنىڭ بارغانچە توپىلاڭلىشىپ، قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئېرىقلارنىڭ ئايلاپ سۇ دىدارى كۆرمەيدىغانلىقىنى، نەچچە يىل بۇرۇن ئورنىتىلغان تۇرۇبا سۈيى بېسىمىنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، كىشىلەرنىڭ جۈمەك ئورنىنى ئويۇپ ئازگالدىن سۇ ئېلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، بالىلىق مەزگىلىمدىكى ھەممە ياق سۇ بىلەن قاپلانغان مەنزىرىنى سېغىنىمەن. مەھەللەمنىڭ بۇ خىل ھالىتى ئەمەلىيەتتە تۇرپان دىيارىدىكى كۆپ قىسىم مەھەللىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى، بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم تۇرپان ۋىلايىتىدە سۇ كەمچىل بولۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى، بۇ مەسىلىنىڭ ئىنتايىن تەخىرسىز ھالەتكە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

خوش، ئۇنداقتا تۇرپان رايونىنىڭ ھازىرقى سۇ ۋەزىيىتى قانداق؟ تۇرپاننىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەسى ئەسلىدىنلا ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ھاۋاسى قۇرغاق، ئىسسىق، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز، قۇم ـ بوراننىڭ تەھدىتى ئېغىر، سۇ ئىنتايىن كەمچىل، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 16 مىللىمېتىر بولسا، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3000 مىللىمېتىردىن ئېشىپ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى ھۆل ـ يېغىن مىقدارىدىن 173 ھەسسە كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭرىتېغىدىن كېلىدىغان قار ـ مۇز سۇلىرىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئازلاپ، تۇرپاننىڭ سۇ مەنبەسىگە تەسىر كۆرسىتىشى، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى،

ئاھالىلەر ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، سانائەتكە ۋە تەرەققىيات داۋامىدىكى ھەرقايسى كەسىپ، ساھەلەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى نەتىجىسىدە سۇ جىددىيچىلىكى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ھەتتا قورقۇنۇچلۇق ھالەتكە يەتكەن. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە سۇنىڭ قىسلىقى، سۇ مەنبەلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىشىلا بولماستىن، ئەڭ مۇھىمى سۇ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئېغىر بولۇشى، سۇ تېجەش ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن ئىبارەت.

«تۇرپان گېزىتى»مۇخبىرى مۇھەممەت راخمان سۇ تېجەشچان جەمئىيەت بەرپا قىلىش توغرىسىدا يازغان، «تۇرپان گېزىتى»دە ئېلان قىلغان چاتما مۇلاھىزىلەردە مۇنداق ئىستاتىسكىلارنى كۆرسىتىدۇ: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرپاننىڭ يەر ئاستى سۇيىنىڭ يىللىق تۆۋەنلەش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان ئورۇنلارنىڭ 1.37 مېتىرغا، ئوتتۇرىچە بىر مېتىرغا يەتكەن. تۇرپاننىڭ يىللىق ئومۇمىي سۇ بايلىقى 1 مىليارد 172 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، كىشى بېشىغا 2069 كۇب مېتىردىن توغرا كېلىدۇ. تۇرپانلىقلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سۇ بايلىقى پۈتۈن دۇنيادىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سۇ بايلىقىنىڭ تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە تۇرپاننىڭ يېزا ـ ئىگىلىكى، سانائەت تەرەققىياتىغا كېرەكلىك سۇنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ھەرقانداق بىر ئورۇننىڭكىدىن كۆپ سۇ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتى GDP سىنىڭ ھەر 10 مىڭ يۈەنگە توغرا كېلىدىغان سۇ مىقدارى 1127 كۇب مېتىر بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭكىدىن 2.4 ھەسسە يۇقىرى، دۇنيانىڭكىدىن 9.7 ھەسسە يۇقىرى ئورۇندا

تۇرىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتىدە 1957 ـ يىلى سۇيى بار كارىز 1237 بولغان بولسا، ھازىر(2003 ـ يىلىدىكى سان) بۇ كارىزلار ئاران 404 كە چۈشۈپ قالغان. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ تۇرپاندا كارىز سۇلىرى ۋە تاغدىن كېلىدىغان ئۆستەڭ سۇيى يېزا ـ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغاچقا، قۇدۇق قېزىشقا باشلىنىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. ھازىر تۇرپان ۋىلايىتىدە 5664 قۇدۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 5254 نى ئىشلەتكىلى بولىدۇ. يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى پىچان ناھىيەسىدە ئېغىر بولۇپ، ھازىر ئىلگىرىكى نورمال ۋاقىتلارنىڭكىدىن 80 مېتىردىن 90 مېتىرغىچە، تۇرپان شەھىرىدە 60 مېتىر ئەتراپىدا تۆۋەنلەپ كەتكەن. تۇرپان ۋىلايىتىدە بىر يىلدا پۈتكۈل جەمئىيەتنى تەمىنلەۋاتقان سۇ مىقدارى بىر مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىربولۇپ، بۇنىڭ بىر مىليارد 56 مىليون كۇب مېتىرى يېزا ئىگىلىكىگە، 21 مىليون كۇب مېتىرى سانائەتكە، 24 مىليون كۇب مېتىرى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ 96% نى ئىگىلەيدۇ. ئەمما يېزا ئىگىلىكىدە ھەر موغا ئىشلىتىلىۋاتقان سۇ مىقدارى ئوتتۇرىچە 1070 كۇب مېتىر بولۇپ، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىۋاتقان سۇنىڭ كوئېففىتسېنتى 0.5، يەنى 50% تىن ئاشىدۇ، سۇنىڭ يېرىمى تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ كوئېففىتسېنتى 0.7 ـ 0.8 گە يېتىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتىدە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش يوق دېيەرلىك بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەۋىيەسى 52% كە، تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ 85% كە يېتىدۇ.»

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر تۇرپانلىق ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى سۇنى تېجەش، ھەر بىر تامچە سۇنىمۇ قەدىرلەشتۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئېغىزدىلا دەپ قويغان گەپ بولماستىن، ھايات ـ ماماتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. لېكىن بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىخۇدلۇقىمىز يەنىلا ئۆزگەرمىدى، ھوشيارلىقىمىز يەنىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى، سەگەكلىكىمىز يەنىلا ئەمەلگە ئاشمىدى. دېھقانلىرىمىز ھازىرمۇ ئېتىز، باغلارغا قىر تېشىپ كەتكۈدەك سۇنى قاچىلىۋېلىشنىڭ كويىدا، بۇ ئارقىلىق شۇ يىلقى ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئويىدا كېتىۋاتىدۇ. شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى ھازىرمۇ ئاچسىلا شارقىراپ چۈشىدىغان، باھاسى پاخالدىن ئەرزان سۇنى خالىغانچە ئىشلىتىپ، «ھاياتلىق»قا، «پاكىزلىق»قا كاپالەتلىك قىلىۋاتىدۇ. زاۋۇت، كان ـ كارخانىلار تونىلاپ سۇنى بىر قېتىم ئىشلىتىپلا، پاسكىنا سۇ قاتارىدا «ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىۋاتىدۇ». ھازىرقى تەرەققىياتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، بىز كەلگۈسىدە خالىغانچە «بۇزۇپ ـ چاچقان» مۇشۇ سۇلىرىمىز ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەيمىز!

## كەلگۈسىدىكى سۇ

خوش، ئۇنداقتا تۇرپان دىيارىدا كەلگۈسىدىكى سۇ قانداق بولىدۇ؟ ئېنىقكى، دىيارىمىزدا كەلگۈسىدىكى سۇنىڭ قىممىتى ئۆسۈپ، بىر تامچە سۇ بىر تامچە مايغا، بىر تامچە ھاياتلىققا باراۋەر بولىدۇ.

مەن ئېچكىرىكى ئۆلكىلەرنى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق ئالاھىدە رايونلارنى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى مالايشىيا، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ سۇ تېجەش ئېڭىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى

ئىكەنلىكىنى، تەدبىرلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلـ-
دىم. بۇ شەھەرلەردە ھەممىلا جايدا، ئايرودروم، ۋوگزال، ئاشخا-
نا، ھاجەتخانا، ئاممىۋى سورۇنلاردا سۇ تېجەش تەشۋىقاتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىكەن.
مەك، تۇرۇبىلارنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى، سۇ تېجەش ھەققىدىكى
شوئار، ئاگاھلاندۇرۇشلارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. كۆزگە تاشلىـ-
نىپ تۇرىدىغان بۇ شوئار، ئاگاھلاندۇرۇشلار، ئاھالىلەرنىڭ ئاڭ-
لىقلىق بىلەن سۇنى ئىسراپ قىلماسلىقتىكى ئۇنىۋېرسال كىشىنى
ئىختىيارسىز سۇنى ئىسراپ قىلماسلىققا ئۈندەيدىكەن. چەت
ئەللەردە يەنە تېرىلغۇغا، كۆكەرتىشكە ئىشلىتىدىغان سۇلار تې-
متىپ سۇغىرىش، پۈركۈپ سۇغىرىش، سىڭدۈرۈپ سۇغىرىش
قاتارلىق شەكىللەردە تەمىنلىنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ھەم سۇنى
زور دەرىجىدە تېجىگىلى، ھەم زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىغا، ھايا-
تىي كۈچىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىكەن. بۇ جايلاردا يەنە سا-
نائەتكە، كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئىشلىتىلگەن سۇلار تېخنىكىلىق
ئۇسۇلدا تازىلىنىپ، قايتا ئىشلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن. مەن
تېلېۋىزوردىن ئائىلىلەردە ئاشخانىنىڭ پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسىنى
تازىلىق ئۆيىگە ئۇلاپ قويۇپ، بىر قېتىملىق سۇدا ئىككى خىل
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىنى، سۇنى
غايەت زور دەرىجىدە تېجىگەنلىكىنى كۆردۈم. 2002 ـ يىلى يەنە
ئاقسۇ شەھىرىگە زىيارەتكە بېرىپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوت-
تۇرا مەكتەپنىڭ تېمىغا يېزىپ قويۇلغان «سۇنى تېجەڭ! يەر شا-
رىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۇ كۆز يېشىڭىز بولۇپ قېلى-
شى مۇمكىن! » دېگەن شوئارنى كۆرۈپ، تېنىم ئىختىيارسىز
جۇغۇلداپ كەتتى. دېمەك، سۇ قىيىنچىلىقى بىزنىڭكىدەك ئېغىر
بولمىغان، تەرەققىي قىلغان دۆلەت، شەھەرلەر، ھەتتا رايونىمىز-
دىكى قوشنا شەھەرلەرمۇ ئالللىقاچان ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ،
سۇ تېجەشنى دائىملىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، سۇ يې-

تىشمەسلىك خەۋپى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئەھۋادا، بىز بولساق تېخىچە تەخىرسىز ۋەزىيەتنى، خەتەرلىك ئاقىۋەتنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيۋاتىمىز!

تۇرپان ۋىلايىتىدىكى سۇ ئىسراپچىلىقى ئەڭ ئېغىر ساھە يېزا ئىگىلىكى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تۇرپاننىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان سۇ تېجەش تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى، تېجەش تىپىدىكى سۇغىرىش شەكىللىرىنى يولغا قويۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا ئەڭ مۇھىمى، ھەر بىر دېھقان، ھەر بىر تۇرپان كىشىسى ھوشيارلىق، تەخىرسىزلىك بىلەن ھازىرقى سۇ ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن جىددىيلىكىنى، سۇ تېجەشنىڭ قەتئىي زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىشى، بۇ جەھەتتە ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، يىراقنى كۆزلەپ، سۇ تېجەش جەھەتتە پۇختا روھىي تەييارلىق، پىسخىك ھازىرلىقلارنى ئىشلىشى كېرەك.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ۋەزىيەت شۇكى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تۇرپاننىڭ سۇ جىددىيلىكى مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت بەرپا قىلىش»چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ ھەقتىكى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئەمدىكى گەپ ھەر بىر تۇرپانلىقنىڭ بۇ خىل جىددىي ۋەزىيەتكە قارىتا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، ئانا ماكانىغا، كەلگۈسىگە ئىگە بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن ھەر بىر تامچە سۇنى ئاسرىشىدا، خالىس سۇ تېجەش تەشۋىقاتچىسىغا، ھەر بىر تامچە سۇنىڭ قوغدىغۇچىسىغا ئايلىنىشىدا قالدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش مۇتەخەسسىسلەر كۆپ تەرەپلىمە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە چىقارغان يەكۈن. ئەگەر بىز

هاياتلىق سۈيىمىزنى تېجىمىسەك، سۇنى مۇشۇ سۈرئەتتە ئىسراپ قىلىۋەرسەك، يېرىم ئەسىر ئىچىدىلا بۇ گۆھەر زېمىنىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز، تارىخ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدا ئېغىر جاۋابكار بولۇشىمىز مۇمكىن! شۇڭا، ھەر بىر تۇرپانلىقنىڭ شۇنى دېگۈم كېلىدۇ: سۇنى تېجەڭ! يۇرتىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۇ كۆز يېشىمىز بولۇپ قالمىسۇن!

(«تۇرپان گېزىتى»نىڭ 2005 ـ يىللىق سانىدىن ئېلىندى).

## نىياز ئىمىننىياز بىر كارىزنى تىرىلدۇردى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ، سۇ قىس بولۇش خەۋپىنىڭ كۈچىيىشى، كارىزلارنىڭ مەدەنىيەت، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا تۇتقان ئورنىنىڭ گەۋدىلىنىشى ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ۋە ئاۋامنىڭ كارىزلارغا قارىتا قايتا دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. مەركەزدىن تارتىپ يەرلىكىچە مەبلەغ سېلىنىپ، سۇنى ئىناق ئېكولوگىيە قانۇنىيىتى بويىچە باشلاپ كېلىدىغان كارىزلارنى قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى باشلاندى. كارىزلارنى قۇتقۇزۇش ناھايىتى كۆپ ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ، ۋاقىت كېتىدىغان قۇرۇلۇش بولغاچقا، بىرەر شەخسنىڭ يالغۇز ئۆتتۇرىغا چىقىپ، «ئۆلگەن»كارىزلارنى «تىرىلدۈرۈۋېلىش» مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك ئىش. لېكىن بىر ئىشقا قارىتا ئېتىقاد ۋە شىجائەت بولسا، دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. شۇنداق بولغاچقا خەلقىمىز ئارىسىدا «پەرھاتنىڭ تاغ يۆتكىگەنلىكى» گە ئوخشاش ھېكايىلەر ناھايىتى كۆپ تارقالغان. پىچان ناھىيە دىغار يېزا تۆت كارىز كەنتىدىكى دېھقان نىياز ئىمىننىياز ئۆزى يالغۇز ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەيلى قەھرىتان قىش، تومۇز ئىسسىقتا بولسۇن سۈيى توختاپ قالغان

نىياز باقى كارىزنىڭ لېيىنى تارتىش، رېمونت قىلىش ئىشلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى كارىزنىڭ «هايات شامى»نى قايتا ياندۇردى. مانا هازىر كارىزنىڭ ئابىهايات سۈيى شىلدىرلاپ چىقىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ۋە زىرائەتلىرىنى ياشارتىدىغان، ئۇمۇ كارىزغا توختاۋسىز ئىشلەپ سۈيىنى ئۇلغايتىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەلۋەتتە بىر شەخسنىڭ كارىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە بۇ جەريانىدا كارىزغا سىڭدۈرگەن قان ـ تەرى، مۇھەببىتى ھەقىقەتەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. سۇ تېجەش، كارىزلارنى قۇتقۇزۇش، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى نۇرلاندۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان هازىرقى ۋەزىيەتتە بۇ خىل روھ ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

2008 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇل كۈنى تومۇز ئىسسىقتا پىچان ناهىيەسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا، تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىغا جايلاشقان دىغار يېزىسىنىڭ تۆت كارىز كەنتى تۇركارىز مەھەللىسىگە كەلگىنىمدە چۆللۈك ئىچىدىكى بۇ كىچىككىنە كۆجۈم مەھەللە چۈشلۈك ئۇيقۇغا پاتقان ئىدى. مەھەللىنىڭ مەركىزىدىكى كىچىك كارىز كۆلى لىقىدە سۇغا توشقان، ئەتراپتىكى بۆك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلەر، توغراقلار ۋە كارىز سۈيىنىڭ خاسىيىتىدىن بۇ بىر پارچە يەر سالقىن، راھەت هاۋاغا تولغانىدى. مەن كۆلنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپ، كارىزنىڭ تەشمە ئېغىزىغا كەلدىم. قويۇق ئوت ـ چۆپ، قومۇشلار ئىچىدە كىچىك بىر ئېقىن سۇ شىرىلداپ ئېقىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇستى تەرەپتىكى كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ ئەتراپىدا يېڭىلا تارتىلغان لاي ـ لاتقىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مانا بۇ، مۇشۇ مەھەللىلىك دېھقان نىياز ئىمىنىياز تىرىلدۈرۈۋالغان نىيازباقى كارىزى ئىدى.

كەينىمگە يېنىپ كۆل بويىغا كەلسەم، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، قاتاڭغۇر كەلگەن 45 ياشلىق نىياز ئىمىننىياز مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايى، تارشىدەك قاتقان قوللىرى كارىزغا سىڭدۇرگەن مېھنىتىنى ئۇنسىز بايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇنجى بايانىدىنلا «ئۆلگەن كارىزنى تىرىلدۈرۈۋالغانلىقى»دەك «مۆجىزە»نىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان سېھرىي ـ كارامەتنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. نىياز ئىمىننىياز ئاكا سۆز باشلاپ «بالىلىق ۋاقتىلىرىمدا بوۋام داڭلىق كارىزچى ئىدى، بىر كۈندە بىر كارىز قۇدۇقىنى ئۆزى يالغۇز كولاپ، سۇ قاتلىمىغا يەتكۈزۈۋېتەلەيتتى. ئۇ دائىم ‹كارىز بىزنىڭ ھاياتىمىز، جان تومۇرىمىز، ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلساق، ئاسرىمىساق بولمايدۇ›دەيتتى. مەھەللىمىزدىمۇ كارىزلار كۆپ بولۇپ، يەر ـ جاي ئىسىملىرى پۈتۈنلەي كارىزلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. مەنمۇ 15 يېشىمدىن باشلاپلا، بوۋامغا ئەگىشىپ، كارىزلاردا ئىشلىگەنىدىم. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى مەھەللىمىزدىكى نىيازباقى كارىزىنىڭ سۈيى توختاپ قېلىۋىدى، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. باشقىلارغا كارىزنى قۇتقۇزۇش ھەققىدە مەسلىھەت سالسام، ‹ئىشلىگەنگە تۈشلۈق سۇ چىقمايدۇ، بەك كۆپ ئەمگەك كۈچى، ئىقتىساد، ۋاقىت كېتىدۇ، ھازىر قۇدۇق سۈيىمۇ مول تۇرسا، بولدى قىلايلى›دەپ قوشۇلمىدى. بۇ كارىز تاشلىنىپ قېلىۋىدى، خۇددى ئەجدادلارنىڭ بىر مۇھىم مىراسىنى تاشلىۋەتكەندەك، ئاتا ـ بوۋامغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ۋىجدان ئازابى تارتىپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن 2005 ـ يىلى كۈزدە ئۆزۈم يالغۇز كەتمەننى قولۇمغا ئالدىم» دېدى.

نىياز ئىمىننىياز دەسلەپتە قەشقەردىن كەلگەن بىر ئىشلەمچى يىگىتنى ياللىۋېلىپ، ئىككى ئاي كارىزنىڭ لېيىنى تارتتى. قەشقەرلىك يىگىت كەتكەندىن كېيىن كارىزغا ئائىلىسىدىكىلەر

بىلەن ئىشلەشكە باشلىدى. ئىككى ئەر كارىزنىڭ ئاستىدا، تەشمە ئىچىدە سۇغۇردەك ئۆمىلەپ، لاي پاتقاققا مىلىنىپ، چېلەككە لاي ئۇسسا، ئىككى ئايال ئۇستىدە — كارىز قۇدۇقىنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ لاي تارتتى. ئۇلار يازدا بۇغداي ئورمىسىدىن كېيىن، قىشتا قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ كېتىشتىن بۇرۇن توختىماي ئىشلىدى.

شۇنداق قىلىپ نىياز ئىمىننىياز مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى بولۇپ كارىزغا ئۆز يېنىدىن 20 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق پۇل چىقاردى. 2006 - يىلى 3 - ئايدا نىيازباقى كارىزى تىرىلىپ تەشمىدىن سۇ ئېقىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ كارىز بويىدا بولغاچقا، بوش ۋاقىت تاپسىلا كارىزغا چىقىشنى داۋاملاشتۇردى.

بۇ مەھەللىدىكى پېشقەدەم دېھقان تۇرسۇن ئاكا مۇنداق دېدى: نىياز باقى كارىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىردىن ئوشۇق بولۇپ، 300 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە. تىلما بويىدىكى بۇ توغراقلارنى ئەينى ۋاقىتلاردا بوۋىلىرىمىز تىككەن، ئۇ يىللاردا بۇ كارىزنىڭ سۈيى بىلەن بىر كۈندە 9 - 10 مو يەرنى سۇغارغىلى بولاتتى. بۇ كارىز جايلاشقان ئورۇننىڭ تۇپرىقى قۇمساڭغۇ بولغاچقا، تەشمىگە سۇ سىڭىش سەۋەبىدىن كارىزنىڭ سۈيى توختاپ قالدى. كارىزنىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، نىياز ئۆزى يالغۇز رېمونت قىلىپ، قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

نىياز ئىمىننىياز مۇنداق دېدى: نىياز باقى كارىزىنى ئۆزۈم ئىشلەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەچكە، ئۆزۈم پايدىلىنىۋاتىمەن. ھازىر ھەر كۈنى كارىز سۈيىنى بۇ كۆلگە باشلاپ قويسام، كەچكىچە كۆل توشىدۇ. بۇ سۇ بىلەن 1 - 2 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. ھازىر قۇدۇق سۈيىدە بىر مو يەرنى سۇغىرىش ھەققى 20 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ. كارىز سۈيى توختاۋسىز ئېقىپ تۇرىدىغان

بولغاچقا، 20 مو تېرىلغۇ يېرىمنى ئاساسەن كارىز سۈيىدە سۇغىرىپ كېلىۋاتىمەن. ئەڭ مۇھىمى مەھەللىدە سۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، مۇشۇنداق تومۇز ئىسسىقلاردا كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ سالقىندايمىز، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداشلىق مېھرى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

نىيازباقى كارىزىدىن قايتىپ كېتىۋاتىمەن، قەلبىمدە كارىز سۈيىنىڭ شىلدىرلىغان يېقىملىق ئاۋازى، ئۇلۇغ - ئۇششاق مەھەللە جامائىتىنىڭ تىلما بويىدىكى خۇشال كۈلكە ساداسى، زىرائەتلەرنىڭ ئابىھايات سۇغا قانغان چاغدىكى جىلۋىسى، بوۋىلارنىڭ ئىپتىخارلىق ئىچىدىكى سىماسى مەڭگۈلۈك نەقىش بولۇپ جۇلالىناقتا ئىدى.

مەن زىيارەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، نىيازباقى كارىزىنىڭ سۈيى يەنە توختاپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا 2009 - ، 2010 - يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى نىيازباقى كارىزىغا 71 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1800 مېتىرلىق كارىز تەشمىسىگە PVC تۇرۇبا ياتقۇزۇپ، كارىز سۈيىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ تەدبىر مۇشۇ خىلدىكى كارىزلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ياخشى ئۈلگە بولۇپ قالدى.

## كارىز مۇھەببىتى

تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى شاڭخو كەنتىدىكى دېھقان توختىھاجى ياقۇپنىڭ ئۆزى شەخسىي بىر كارىزنى تىرىلدۈرگەن-لىكى، بالا - ۋاقىلىرى بىلەن كىچە - كۈندۈز دېمەي كارىزغا ئىشلەۋاتقانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى قىز، كېلىنلەر-

نىڭمۇ كارىزنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ لاي تارتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ئائىلىگە بولغان قىزىقىشىم كۈچەيدى. «كارىز قۇرۇلۇشى دېگەن جاپالىق، خەتەرلىك، ئىرادىسى سىنايدىغان ئەمگەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ئاستىدا، سۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەيدىغان بولغاچقا، سوغۇق تەبىئەتلىك قۇرۇلۇش، شۇڭا كارىزغا ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى، مەن مەن دېگەن ئوغۇل باللارلا چۈشەلەيدۇ، قىز - ئاياللارنىڭمۇ چۈشۈپ ئىشلىگىنىگە قارىغاندا بۇ ئائىلىنىڭ كارىزغا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر، ئىرادىسى ھەقىقەتەن مۇستەھكەم ئىكەن». مەن 2010 - يىلى 2 - ئايدا شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەچ، شاڭخو كەنتىگە يېتىپ چىقتىم.

مېنى قىزغىن كۈتۈۋالغان توختىھاجى ئاكا تەلىپىم بويىچە مېنى كارىزنىڭ بېشىغا باشلاپ ماڭدى. قويۇق ئۈجمە (جۈجەم)، قارىياغاچ دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، بىر مودەك كۆلەمدىكى كارىز كۆلىنىڭ يېنىغا كەلدۇق. بۆك - باراقسان ئورمانلار، دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىكى كۆل سۈيى ئەينەكتەك پارقىراپ جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. كۆل ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارالچاقلارنىڭ ئۈستىدىكى كۆككە بوي سوزغان تېرەكلەر، كۆل بويىدىكى سۇغا تازىم قىلىپ تۇرغان رەت - رەت مەجنۇنتاللار، سەل ئۈستىدىكى يەنە بىر كىچىك كۆلدە تەبىئىي گىرەلىشىپ، قويۇق سايىۋەن ھاسىل قىلغان سۆگەت، جىگدىلەر بۇ يەرنى ئاجايىپ خىيابانلىق بىر دۇنياغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. مەن



ھاياجان ئىلكىدە كۆلنىڭ گىرۋىكىگە كېلىشىمگە تۇيۇقسىز قاردەك ئاپپاق بىر ئاققۇ پالاقلاپ ئۇچقىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، مەن بۇ مەنزىرىدىن ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇپ توختىھاجى ئاكامغا قارىدىم.

ـــ ئورمانلىق ئىچىدىكى بۇ جىمجىت كۆلگە چۈشىدىغان ئاققۇ، ياۋا ئۆردەكلەر خېلى كۆپ، ـــ دېدى ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشىنىپ. مەن ئاققۇنى پەقەت ھايۋاناتلار باغچىسىدىلا كۆرگەنىدىم، مانا ئەمدى بىر ئاددىي كارىز كۆلىدە كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، بۇ ھەقىقەتەن مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ شۇ ئارىدا كۆزۈم كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارغا چۈشتى. يوتامدەك چوڭلۇقتىكى ھەر خىل ھەر ياغزا بېلىقلارغا چۈشتى. توختىھاجى ئاكام يەنە ھەيران بولۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ئىزاھات بەردى.

ـــ كارىزدىن سۇ چىقىرىپ، كارىز كۆلىنى چاپقان ۋاقىتتىلا، كۆلگە 50 كىلودەك بېلىق سالغانىدىم، 2005 ـ يىلى يەنە يۈز كىلودەك بېلىق سالدىم، شۇنىڭدىن كېيىن بېلىقلارنىڭ تۈرى ۋە سانى كۆپىيىپ، ئۆزلۈكسىز يوغىناپ مۇشۇ ھالغا كەلدى. بۇ بېلىقلارنى كەلگەن مېھمانلارغا پىشۇرۇپ بېرىمىز، ئۆزىمىز يەيمىز، كارىز كۆلىنىڭ بېلىقى بولغاچقا، تەمى ناھايىتى ياخشى.

مانا بۇ كارىزنىڭ خاسىيىتى، كارىز ئېكولوگىيەسىنىڭ كارامىتى. ياۋايى قۇشلاردىن تارتىپ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا بولىدىغان بېلىقلارغىچە كارىزدا ئىناق ـ ئىجىل ياشاۋېتىپتۇ. مەن توختىھاجى ئاكامنىڭ يول باشلىشى بىلەن تىلما ئاغزىغا كەلدىم، ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن سۆگەت، ئۈجمىلەر، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان تىلما ئاغزىدىن خېلى ئۇلۇغ سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ چىقىپ تۇراتتى. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، بىر قانچە قۇدۇق ئاغزىدىن ئۆتتۇق، بۇ

كارىزنىڭ ئۈستى تەرىپى قاقاسلىق، ئەتراپىغا ئانچە ـ مۇنچە چۆنچىلەر جايلاشقان بولۇپ، باش قۇدۇق يىراقتا جايلاشقان يۇقىرى سۇرئەتلىك تاشيولغا تۇتىشاتتى. بىر قانچە قۇدۇق ئاغزىدىن مۆجىزىدەكلا ئۆسۈپ چىققان ئۈجمىلەر باراقسان قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن يوغان گۇمۇرلۇپ ئوپپاق بولۇپ كەتكەن بىر قۇدۇق ئاغزىغا كېلىپ، ئاۋايلاپ سىيرىلىپ تەشمە ئىچىگە چۈشتۇم. تەشمە ئىچى تازىلىنىپ، ئېرىق چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، كارىز سۈيى راۋان ئېقىپ تۇراتتى، قۇدۇق ئاغزى ئۆدۈلىدىكى گۇمۇرلۇپ چۈشكەن جايغا سولياۋ تۇرۇبا كۆمۈلۈپ، سۇ راۋانلاشتۇرۇلغانىدى.

— ئىلگىرىكى يىللاردا سۇ سىڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەشمە ئاستىغا سولياۋ يېيىتقانىدۇق، — دېدى توختىھاجى ئاكام چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يىل 40 مىڭ يۈەنلىك سولياۋ تۇرۇبا ئېلىپ كېلىپ، تەشمە ئىچىگە ياتقۇزۇۋاتىمىز، ھازىر 1200 مېتىر جايغا تۇرۇبا ياتقۇزۇپ بولدۇق، يەنە 800 مېتىر جاي قالدى.

— بىز 1997 ـ يىلىدىن باشلاپلا بۇ كارىزنى قۇتقۇزۇش خىيالىغا كەلگەن، — دېدى توختىھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان سۆز قىستۇرۇپ، — شۇ يىللاردا بىز كارىزنىڭ يېنىدا بوز يەر ئېچىۋاتقان بولغاچقا، سۇ جىددىيلىكى كۆرۈلۈپ، سۈيى توختاپ قالغان بۇ كارىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلاشقانىدۇق. مۇشۇ مۇددىئا بىلەن ئاچام سەيدىگۈل ئىككىمىز بۇ كارىزنىڭ ئىچىگە بىر ئايدا 7 ـ 8 قېتىم چۈشۈپ، قاراڭغۇ تەشمە ئىچىدە ئۆمىلەپ مېڭىپ يۈرۈپ، كارىزنى باشتىن ـ ئاخىر تەكشۈرۈپ چىقتۇق. تەكشۈرۈش جەريانىدا 360 ئورۇندا چوڭ ـ كىچىك «كۆز»(سۇ چىقىش ئېغىزى) بارلىقىنى، ئۈستى تەرىپىدىكى 400 مېتىردەك

جايىنىڭ ماشىنا پاتقۇدەك دەرىجىدە ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، 700 مېتىردەك جايىنىڭ ئويپاڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، سۇنىڭ قەيەردە توسۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. ئۆرۈلگەن، بۇزۇلغان جايلارنى، ھەر بىر تەشمىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، 120 قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئايرىم - ئايرىم ئۆلچەپ خەرىتىگە ئېلىپ چىقتۇق. لېكىن ئۇ چاغدا كارىز رەسمىي قولىمىزغا ئۆتمىگەن بولغاچقا، قۇدۇقلارنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق.

بىز پاراڭلاشقاچ توختىھاجى ئاكامنىڭ قويۇق ئۈجمە دەرەخلىرى ئىچىگە جايلاشقان ئۆيىگە كېلىپ، رەسمىي سۆھبەتنى باشلىدۇق.

بۇ كارىزنىڭ ئىسمى ياڭجىركارىز بولۇپ، 800 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇزۇنلۇقى 3 مىڭ مېتىر، 123 قۇدۇقى بار، باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 58 مېتىر. ئەسلىدە يار، تاغتۈۋى، شاڭخودىن ئىبارەت ئۈچ كەنت بۇ كارىزنىڭ سۈيىدىن ئورتاق پايدىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئەينى يىللاردا كۈنىگە 50 مو ئەتراپىدا يەر سۇغىرالايتتى. 1980 - يىللارغا كەلگەندە كارىزنىڭ سۈيى ئازلاپ، شۇ كارىزنىڭ ئاستىغا جايلاشقان شاڭخو كەنتى ئىككىنچى مەھەللىسىنىڭ «40مو»دەپ ئاتىلىدىغان يېرىنىلا سۇغىرالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، نەتىجىدە باشقا كەنتلەر كارىزغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. كېيىن كارىزنىڭ سۈيى پۈتۈنلەي توختاپ قالغاچقا، رېمونت قىلىش، قۇتقۇزۇشقا كېتىدىغان كۆپ مەبلەغنى ئەملىگىلى بولمايدۇ، دېگەن سەۋەب بىلەن تاشلىنىپ قالدى. 1997 - يىلىدىن باشلاپ توختىھاجى مۇشۇ كارىزنىڭ ئەتراپىدىكى قاقاسلىقتا بوز يەر ئېچىپ، سۇ قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلدى ۋە «مۇشۇ كارىزنى قايتا تىرىلدۈرۈپ، سۈيىدىن پايدىلانغىلى بولماسمۇ؟»دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدى، ئۇ كارىزنى بالىلىرى ۋە تەجرىبىلىك كارىزچىلار

بىلەن قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش، دەلىللەش ئارقىلىق، سۈيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە جەزم قىلىپ، كەنت كومىتېتى بىلەن توختام تۈزۈپ، 2002 ـ يىلى كارىزنى رەسمىي ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىشقا كىرىشتى. توختىهاجى ئالدى بىلەن 5 مىڭ يۈەنگە بىر تىراكتور سېتىۋېلىپ، تەشمىنى تازىلاشقا باشلىدى، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى شېغىللىق، يەر بەك چىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كارىزنىڭ بۇزۇلغان، ئۆرۈلگەن جايلىرى بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇلار ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇردى. ھەر يىلى 15 ـ 20 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، كارىزنى ئۇزلۇكسىز رېمونت قىلدى، تۆۋەن تەرەپتىكى 40 مو يەرنىڭ ئىگىلىرىمۇ بەزى چاغلاردا توختىهاجى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ، كارىز قۇرۇلۇشىغا ياردەملەشتى. 2003 ـ يىلى ئۇلارنىڭ ئەجرىگە يارىشا، كارىزدىن ئابىھايات سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ چىقتى، ئۇلار شۇ يىلى تىلما ئاغزىغا ئۈچ مودەك كۆلەمدە كارىز كۆلى چېپىپ، ئەتراپىغا تېرەك، تال، جىگدە، ئۈجمە، ئۆرۈك، قارىياغاچ قاتارلىق دەل ـ دەرەخلەرنى تىكتى، كارىز كۆلىگە بېلىق سالدى. ئەلۋەتتە ئۇلار كارىزدىن سۇ چىقىشى بىلەنلا قۇرۇلۇشنى توختىتىپ قويمىدى، كارىزنىڭ سۈيىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىش، مەلۇم كۆلەمدىكى يەرنى سۇغىرالايدىغان سەۋىيەگە يەتكۈزۈش كېرەك ئىدى، شۇڭا توختىهاجى ئائىلە بالىسى، قىز ـ كېلىنلىرى بىلەن ھەر يىلى قىشتا 3 ـ 4 ئايچە كارىزدا ئىشلەشنى داۋاملاشتۇردى. توختىهاجى ئاكا مۇنداق دېدى:

ــ ئادەتتە ئوغلۇم قاسىمجان كارىزنىڭ ئۈستىدە تىراكتور ھەيدەپ لاي تارتاتتى، تۆتىنچى ئوغلۇم ئابدۇراخمان قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ لاي ئۇساتتى، لېكىن يەنىلا ئەمگەك كۈچى يېتىشمەي قالدى، شۇنىڭ بىلەن قاسىمجاننىڭ ئايالى

نۇسرەتگۇل، ئابدۇراخماننىڭ ئايالى مېھرىئاي ۋە كىچىك قىزىم زىننەتگۈللەرمۇ تەلەپ قىلىپ، رېزىنكە كىيىمنى كىيىپ، ئەرلەرگە ئوخشاش قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ ئىشلەيدىغان بولدى. مەن بالىلىرىمنىڭ كارىزغا بولغان بۇ قەدەر مۇھەببىتىدىن، مېنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاۋاتقانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، مەنمۇ ياشنىپ قالغانلىقىمغا، بالىلىرىمنىڭ توسقىنىغا قارىماي، كارىزغا چۈشىدىغان بولدۇم. بەزى چاغلاردا كارىزنىڭ ئاستىدا كۈننى كۆرمىگەچكە، كەچ بولغىنىنى تۇيماي، كېچە سائەت 11 لەرگىچە ئىشلەپ كېتىمىز. تەشمىنىڭ ئىچىدە سۇ بۇلدۇقلاپ چىققاندا، سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندا تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، ئەمگەك قىزغىنلىقىمىز ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدۇ.

توختىھاجى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە كارىز سۈيى بارا - بارا ئۇلغىيىپ، كارىز كۆلى 7 - 8 سائەتتىلا سۇغا توشىدىغان، بىر كۆل سۇدا 30 موغا يېقىن يەرنى سۇغىرالايدىغان سەۋىيەگە يەتتى، بۇ جەرياندا توختىھاجىنىڭ كارىزغا سالغان مەبلىغى يۈز مىڭ يۈەندىن ئاشتى، كارىزنى رېمونت قىلىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بانكىدىن نەچچە ئون مىڭ يۈەن قەرز ئالدى. 2005 - يىلى تۇرپانغا كارىزلارنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت توختىھاجىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئۇنى مەخسۇس چاقىرتىپ كېلىپ قوبۇل قىلدى ۋە روھىغا ئىلھام بەردى.

بۇ مەھەللىدىكى كارىزچى ئالىم ئاۋا مۇسلىم مۇنداق دېدى: كوپېراتسىيە ۋاقتىدا مەھەللىدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كارىزغا چۈشۈپ ئىشلەيتتۇق، كارىزغا چۈشمىگەن ئەرنى ئەر ھېسابلىمايتتۇق. لېكىن كارىز قۇرۇلۇشى ئىنتايىن جاپالىق،

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ئاستىدا، چىلىق - چىلىق سوغۇق سۇنىڭ ئىچىدە بولىدىغان قۇرۇلۇش بولغاچقا، ئىككى سائەت ئىشلەپلا جالاقلاپ تىترەپ يىنىپ چىقاتتۇق، قۇرۇلۇش جەريانىدا گۆش سىلىپ، شورپا قايىنىتىپ، قۇۋۋەت تولۇقلاپ تۇرمىسا، ئادەم ئاجىزلىشىپ كېتەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ پىشقەدەم كارىزچىلىرىمىزنىڭ كارىزغا بولغان مۇھەببىتى ئالاھىدە چوڭقۇر بولغاچقا، بىر ئۆمۈر كارىزغا ئىشلەپ ئۆتىدىغانلارمۇ بار ئىدى، چۈنكى كارىز سۈيىدىن ئادەملەردىن باشقا جان - جانىۋارلار، دەل - دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى نەپ ئالىدىغان بولغاچقا، كارىز قۇرۇلۇشىنى ساۋابلىق، خەيرلىك ئىش دەپ ياخشى كۆرەتتى. ئادەتتە ئەجداتلىرىمىز كارىز سۈيىدە سۇغارغان يەرلەرنىڭ 18 كۈندە ئۇسسايدىغانلىقىنى بايقاپ، 18 كۈننى بىر سۇ ئىچىش نۆۋىتى قىلغانىدى، ھازىر قۇدۇق سۈيىنى ئىچكەن يەرلەر ئون كۈنگە بارمايلا ئۇسساپ كېتىدۇ. ئۇ يىللاردا كارىزلارنىڭ سۈيى ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىدى، بەزى كارىزلارنىڭ سۈيى كىچىك بالىلارنى ئېقىتىپ كېتەتتى، توختىھاجى ئاكام بىر كارىزنى تىرىلدۇرۇپ، كوللېكتىپمۇ قىلالمايدىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

توختىھاجى ئاكا ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ياز كۈنلىرى كارىز كۆلىنىڭ بويى ئىنتايىن سالقىن بولۇپ كېتىدۇ، بۇ يەردە سايىداپ ياتقىنىمدا كۆلدىكى بېلىقلارنىڭ پىلتىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسام، ياۋا كەپتەرلەرنىڭ كۆل بويىغا سۇ ئىچكىلى چۈشكەنلىكىنى كۆرسەم، ھاردۇقۇم چىقىپلا كېتىدۇ. مەيلى يەنە قەرزگە بوغۇلۇپ كەتسەممۇ، كارىزنى رېمونت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمەن، ھازىر پارتىيە، ھۆكۈمەتمۇ زور مەبلەغ سېلىپ كارىزلارنى قۇتقۇزۇۋاتىدۇ، مېنىڭ تىرىشچانلىقىمغىمۇ قاراپ تۇرماس دەپ ئويلايمەن، پەرزەنتلىرىمگىمۇ ھەر بىرىنىڭ كارىز

تىلمىسىنى يۈز مېتىردىن ئۇزارتىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن.
مەن توختىھاجى ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كارىزغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ خوشلاشتىم، قەلب خاتىرەمدە ياڭجىر كارىزى تىرىلگەندىن كېيىنكى قاقاسلىقتا پەيدا بولغان بىر پارچە بوستانلىق، كارىز سۈيىدىن ياشارغان نەچچە ئون خىل مېۋىلەردىن تەركىب تاپقان جەننەت كەبى باغ، بۈك - باراقسان ئورمانلار ئىچىدىكى كۆل، كۆلدە ئويناقشىپ تۇرغان بېلىقلار، ئۈزۈپ يۈرگەن ئاققۇ، ياۋا ئۆردەكلەر بەدىئىي سۈرەت كەبى قېتىپ قالدى.



# تۆتىنچى باب  كارىزلارنىڭ يېڭى باھارى

## كارىز ھاياتلىق

كارىز تۇرپاننىڭ جان تومۇرى، تومۇرلاردىكى قان سۇغۇلسا، ھاياتلىق پائالىيەتتىن توختايدۇ. تۇرپاندىكى كارىزلار قۇرۇپ كەتسە، بۇ ئاتەش زېمىنىنىڭ تەقدىرى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. تۇرپانلىقلارغا نىسبەتەن كارىز دېمەك، بارلىق، ھاياتلىق دېمەكتىن دېرەك بېرىدۇ. نەدە كارىز قېزىلسا، كارىزنىڭ ئابىھايات سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ چىقسا، شۇ يەردە ھاياتلىق پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئاۋۋال كارىز ئەتراپىغا ئادەملەر ئولتۇراقلىشىدۇ، مەھەللە پەيدا بولىدۇ، كىشىلەر كۆپىيىشكە باشلايدۇ. كارىز سۈيىنىڭ خاسىيىتى بىلەن دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر تىكىلىپ ۋە كۆپىيىپ، ئورمان ئېكولوگىيەسى شەكىللىنىدۇ. كارىز سۈيى ۋە كارىز كۆلىدە غاز، ئۆردەك، بېلىقتىن تارتىپ ھەر خىل سۇ جانلىقلىرى، سۇ ئۆسۈملۈكلىرىگىچە ياشاش شارائىتىغا ئىگە بولىدۇ. كارىز سۈيىدىن ئادەم، مال ـ چارۋىلار ھەر خىل ھايۋانلاردىن باشقا، كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان قۇشلارغىچە بەھرىلىنىپ، ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. دېمەك، بىر پۈتۈن ھاياتلىق زەنجىرى كارىز بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. كارىزلار قۇرۇپ كەتسە، بارلىق ھاياتلىق ئېغىر كىرىزىسقا دۇچ كېلىپ، مەھەللىلەر قۇرۇشقا، يەرلەر چۆللىشىشكە باشلايدۇ، ئادەملەر كۆچۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا تۇرپان خەلقى ئارىسىدا «ئەر

كىشى ئۆلسە چىراغ ئۆچىدۇ، كارىز ئۆلسە ئەل كۆچىدۇ»دېگەن ماقال ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ تۇرپان رايونىدا ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇقلارنىڭ زەربىدارلىق بىلەن ئويۇلۇپ، يەر ئاستى سۇيىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشى، كارىزلارنىڭ شىددەت بىلەن قۇرۇپ ئازىيىشىدەك ئامىللارنىڭ تەسىرىدە تۇرپاننىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدىكى، چۆلتاغ بويلىرى، تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى مەھەللىلەر قۇرۇپ، چۆللىشىپ، كىشىلەر كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانىنى تاشلاپ شىمالغا قاراپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى، چۆللىشىش، قۇملىشىشمۇ يالماۋۇزدەك دەم تارتىپ، ئىنسانلارنى قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. مانا بۇ پاجىئە تەبىئەت بىلەن خالىغانچە قارشىلىشىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ ئىناق ئېكولوگىيەگە بۇزغۇنچىلىق قىلغاندا تەبىئەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى، كارىزلارنىڭ ھەقىقەتەن تۇرپاننىڭ ھاياتلىق جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ ھەقتە كارىز تەتقىقاتچىسى غوپۇر نۇرىدىن تۆلمبۆك ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: كارىز تەبىئەتنىڭ تىرەن باغرىغا



يوشۇرۇنغان كەۋسەر سۇلىرى بىلەن سۆيۈشكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭدا ھاياتلىق پەيدا بولغان، كارىز ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - ئىدراكى نەتىجىسىدە بىنا بولۇپ، تەبىئەت بىلەن ئۆز ئارا ئەركىلىشىپ ئاللىقاچان بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن مۆجىزە. تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان نەچچە يۈز مىڭ خەلق كۈندە سالامىلىشىۋاتقان، كۈندە ئېلىم - بېرىم قىلىۋاتقان بىر جانلىق سىما، ئۇ تۇرپان، قۇمۇل خەلقىنىڭ ئانا دەرياسى، ھاياتلىق بۇلىقى.

تۇرپاننىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن قارىغاندا يەر شەكلى قازانغا ئوخشايدىغان بۇ زېمىننىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ بويلىرىدىن باشلانغان نۇرغۇنلىغان زومچاق - زومچاق كارىز توپلىرىنىڭ خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجانغا ئوخشاش سوزۇلۇپ، ئويمانلىقنىڭ ئىچكىرىگە، تۇتاش كەتكەن كۆجۈم مەھەللىلەرگە سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ مارجانلارنىڭ رەتلىك ھەم قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىدىقۇت ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە كۆزگە چېلىقىدىغانلىقىنى، خۇددى سېھىرلىك زەنجىرگە ئوخشاش تەڭرىتاغلىرى بىلەن ئىدىقۇت تېغى ۋە پەستىكى بوستانلىقلارنى رەتمۇ رەت تۇتاشتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى ۋە ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ سېھىرلىك زەنجىر كارىز بولۇپ، بۇ زەنجىردىكى ھەر بىر مارجان بىر كارىز قۇدۇقىدىن ئىبارەت. كارىز قۇدۇقىنى ئويغاندىن كېيىن چىققان توپا قۇدۇق ئاغزىنىڭ ئەتراپىغا يۇملاق دائىرە قىلىپ تۆكۈلۈپ، يەردىن خېلى ئېگىز ھالەتتە قۇش ئۇۋىسىدەك چىرايلىق شەكىل ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇ شەكىلگىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر قانۇنىيەتلەر يوشۇرۇنغان. ئېگىزدىن قارىغاندا مارجانغا ئوخشايدىغان بۇ توپا دۆۋىسى: بىرىنچىدىن، قۇدۇق ئاغزىنى قوغداش، ئاسراش، مۇداپىئە قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

مۇشۇنداق مۇداپىئە توسۇقى بولغاچقىلا، ھەر خىل قۇم ـ توپا، بوران، كەلكۈن سۈيى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ قۇدۇق ئاغزىدىن چۈشۈپ كېتىشىدىن، كارىزغا خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئادەم ۋە ھەرخىل جان ـ جانىۋارلارغا بۇ يەردە قۇدۇق ئاغزى بار ئىكەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن كارىزغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بۇ يەردە بىر كارىز قۇدۇقى، سۇ مەنبەسى بار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ، يېقىن ئەتراپقا باشقا قۇدۇق ياكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ كارىزغا زىيانلىق تەسىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. دېمەك، كارىز قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇنلىغان سىر ـ ھېكمەتلەر، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتى مۇجەسسەملەنگەن، كارىز قۇدۇقى ئېغىزىدىكى چۆمۈلە ئۇۋىسىدەك توپا دۆۋىسىنىڭ خاسىيىتى كارىز قۇرۇلۇشىغا مۇجەسسەملەنگەن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ھېكمەت جەۋھەرلىرىنىڭ مىڭدىن بىرى خالاس.

## كارىزدىكى ھېكمەت

ئىككى مىڭ يىلدىن ئۇشۇق تارىخقا ئىگە كارىز تۇرپاننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تەرەققىيات مۇساپىسى، قىسقىسى بارلىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، چۈنكى كارىز ۋە كارىزنىڭ ئابىھايات سۈيى تۇرپاننىڭ ھاياتلىقىنى، مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەن ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ئىدى. ئۇزاق تارى-خىي تەرەققىيات جەريانىدا تۇرپان كارىز سۈيىنى ئاساسلىق مەن-بە، تەڭرىتاغنىڭ ئىچكىرىلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان ئون نەچ-چىلىگەن ئېقىن، ئۆستەڭنىڭ سۈيى ۋە بۇلاق سۇلىرىنى قوشۇم-



چە مەنبە قىلىپ، گۈللەپ ياشنىغان. ئېلېكترلەشكەن قۇدۇقلار بولسا، ئازادلىقتىن كېيىنلا كۆلىنىشقا باشلىغان. دېمەك، كارىزنىڭ تۇرپاننىڭ تەرەققىياتىدىكى رولى ئىنتايىن زور.

كارىز ئەڭ ئالدى بىلەن تۇرپاننىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا ئىنتايىن باب كېلىدىغان، ئەجداتلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراستىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۈيۈك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇرتىمىزنىڭ تارىخىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئابىدىسى. كارىز ۋە كارىز قۇرۇلۇشىغا مەدەنىيەت، تارىخ، يېزا ئىگىلىكى، فولكلور، ئەنئەنە، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، جابدۇقچىلىق قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلار ئۆز ئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، مانا بۇگۈنكى كۈندە كارىزغا ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت يېڭى مەزمۇن قوشۇلۇپ، كارىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ نامايان قىلماقتا. تۇرپان ۋىلايىتىدە تارىختىن بۇيان 1200 دىن ئارتۇق كارىز قېزىلغان، بۇ كارىزلارنىڭ جايلىشىش ئورنى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرى ئادەمسىز سايلىق، تاشلىقلارغا، بەزىلىرى كۆجۇم مەھەللىلەرنىڭ ئىچىگە، بەزىلىرى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بەزىلىرى قەدىمكى شەھەرلەر، مەدەنىيەت ئوچاقلىرى بىلەن، يەنە بەزىلىرى قىممەتلىك خارابىلىكلەر بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. دېمەك، كارىزلار ئارقىلىق نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي

ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەينى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز ھېچقانداق زامانىۋى ئۆلچەش، سىزىش، يورۇتۇش، مۇداپىئە ئۈسكۈنلىرى بولمىغان شارائىت ئاستىدا كارىزنىڭ سۇ مەنبەسىنى توغرا تېپىپ چىقالىغان، كارىز قۇدۇقلىرى، تىلمىسىنىڭ تۈز، قانۇنىيەتلىك، سۇ يەتكۈزۈشكە ماس كېلىدىغان ھالەتتە بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغان، قاراڭغۇ تىلما ئىچىدە ئىلمىي مەشغۇلات قىلالىغان، تىلمىنىڭ، قۇدۇقلارنىڭ ئۆرۈلۈپ، گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالالىغان، يەر ئاستىدا تىلما كولاپ، قۇدۇقلار بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ، تېيىز قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يەر ئۈستىگە باشلاپ چىقالىغان. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن ئەجداتلىرىمىزنىڭ سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەقىل - پاراسىتى، ئىپتىدائىي، ئەمما ئىلمىي ئۆلچەش، سىزىش، لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇھىم مەنبەلەرگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. كارىز قۇرۇلۇشىدا يەنە كارىز چىرىغى (دىڭخۇلۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئارغامچا، كەتمەن، كىچىك گۈرجەك، لاي تارتىدىغان ئۈچ پۇتلۇق جازا (بولو دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سېۋەت ۋە مۇشۇلارنى ئايلاندۇرىدىغان ئۈكۈز (كالا) قاتارلىق قورال - سايمان، جانىۋارلار ئىشلىتىلىدۇ، بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، جابدۇقچىلىق كەسىپلىرى ھەققىدە قىممەتلىك بىلىملەرگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. كارىزنىڭ ئۆزى ماددىي مەدەنىيەت مىراسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقى تۈرىگە كىرسە، كارىز قېزىش تېخنىكىسى، ھۈنەر - سەنئىتى جىسىمسىز مەدەنىيەت مىراسى تۈرىگە كىرىدۇ. دېمەك، كارىز چېتىلىدىغان ساھەلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كارىزنىڭ پۈتكۈل «جىسمى»غا پۈتمەس - تۈگىمەس بىلىم - ھېكمەت، ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

# بالىلىقتىكى كارىز چۈشەنچەم

ئەڭ دەسلەپكى كارىز ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىم قۇرۇپ كەتكەن كارىزلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى مەن تۇغۇلغان تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى جايغۇجام كەنتىدە مەن ئېسىمنى بىلىسەملا (1970 ـ يىللار)كارىزلار ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەنىكەن. لېكىن، مەھەللىمىزنىڭ تۆت ئەتراپىدا يۇلتۇزدەك تارقالغان بۇلاقلار خېلى كۆپ ئىدى. زۇلال سۈيى بۇلدۇقلاپ ئۆرلەپ تۇرىدىغان، كىچىك بېلىقلار پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ يۈرىدىغان بۇ مېھىرلىك بۇلاقلار بىز بالىلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئوينايدىغان جەننىتى ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇ بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى يەنىلا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغاچقا، مەھەللىمىزدە خېلى بۇرۇنلا بورۇۋوي قۇدۇقلىرى كولانغانىدى. مەھەللىمىزنىڭ ئورنى يېزا بويىچە بىر قەدەر ئېگىزدە بولغاچقا ۋە ئېلېكترلەشكەن قۇدۇقلار بالدۇر كولانغان بولغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر كارىزلار خېلى بالدۇرلا قۇرۇپ كەتكەن، كېيىنچە بۇلاقلارمۇ قۇرۇشقا باشلىغانىدى. مەھەللىمىزنىڭ شىمالىغا تۇتاش بولغان ياقا مەھەللىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە نۇرغۇنلىغان قۇرۇق كارىزلار بار ئىدى. بۇ كارىزلار يېقىندىلا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرىتاغلىرىنىڭ باغرىدىن سوزۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، قاچانلاردا قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. بىز پەقەت بۇ كارىزلارغا ياۋا كەپتەر تۇتقىلى پات ـ پات كېلەتتۇق. ئۇ يىللاردا مەھەللىمىزدە ياۋا كەپتەر، بېغىرداق، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كەپتەرلەر قۇرۇپ كەتكەن كارىز قۇدۇقلىرىغا، يەنى قۇدۇقنىڭ ئىككى تەرىپىگە دەسسەپ چۈشۈش ئۈچۈن ياساپ

قويغان تۆشۈكلەرگە ئۇۋا سالاتتى. بىز دائىم بالىلار بىلەن توپلىشىپ، قۇدۇق ئاغزىغا كېلىپ يۈرەكلىكرەك بىرەيلەننىڭ بېلىگە ئارغامچىنى باغلاپ، قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈرەتتۇق. ئۇ ئۇۋىلاردىكى كۆك كەپتەر باچكىلىرىنى خالتىغا قاچىلاپ بىزگە سۇنۇپ بېرەتتى، بەزىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرەتتى. ئەمما، تىلما ئىچىدىكى توپا يۇمشاق بولغاچقا ھەم قولىدا ئالدىن تەييارلىۋالغان قول چىراغ بولغاچقا، چۈشۈپ كەتكەن بالا چوڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايتتى ۋە قورقۇپ كەتمەي قول چىراغنىڭ يورۇقىدا قۇدۇق ئاستىدا ئۆمىلەپ مېڭىپ، ئاياق قۇدۇقتىن، يەنى تەشمە ئاغزىدىن سىرتقا چىقىۋالاتتى. بىزنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئوينايدىغان ئويۇنلىرىمىز ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭلاردىن بىز ئوينىغان قۇرۇق كارىزلار ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتىم. تۇرپاندا يۈز بەرگەن 1932 - يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى (پېشقەدەملەر «چوڭ يېغىلىق»دەپ ئاتىشىدۇ) ۋە 1945 - يىلىدىكى سىڭگىم ئېغىزى ئىنقىلابى (پېشقەدەملەر «كىچىك يېغىلىق» ياكى «ياشلار ئىنقىلابى»دەپ ئاتىشىدۇ)دا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلەردىن پاناھلىنىپ ياكى يەر ئاستى ئۇرۇشى قىلىش ئۈچۈن قۇرۇق كارىزلارغا چۈشۈۋالغانلىقى، قۇدۇقلارنىڭ ئىچىدە ئېغىر ئاياغ ئاياللارنىڭ تۇغۇپ قويغانلىقىدەك ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى، كارىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ كۆپلىگەن ئۇرۇشلارنىڭ بولغانلىقى، بىر قىسىم پىدائىيلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ بۇ كارىزلارغا تاشلىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىلەر مېنى ئىنتايىن قىزىقتۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن قەلبىمدىكى كارىزلارنىڭ جەلپكارلىقى، سىرلىقلىقىغا بولغان تەلپۈنۈش يەنىمۇ ئاشاتتى.



مەھەللىمىزنىڭ غەربىگە تۇتاش بولغان ئەستۇر مەھەللىسىنىڭ غەربىي چېتىدە سېرىقسۇ كارىزى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كارىز بولۇپ، بۇ كارىز چوڭ يولغا تۇتاش ئىدى. ھەر قېتىم ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىش، قايتىش يولىدا بۇ كارىزنىڭ تىلىمىسىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ چىقىۋاتقان زۇلال سۇغا سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. ياز كۈنلىرى ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، تەشنىمىنىڭ ئاغزىدا ئولتۇرۇپ، كارىزنىڭ مۇزدەك سۈيىدە يۈز - قوللىرىمنى يۇيۇپ، ھۇزۇرلىناتتىم، شېرىن - شەربەت سۈيىدىن ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇراتتىم. 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ كارىزنىڭ سۈيىمۇ قۇرۇپ كەتتى. مەن گەرچە بالىلىق مەزگىلىمدە كارىزلارغا چوڭقۇر قانالمىغان بولسامۇ، كارىزلارنى ياخشى كۆرەتتىم، بىر مەدەنىيەت ئابىدىسى سۈپىتىدە ئىخلاس قىلاتتىم. قۇرۇپ كەتكەن، تاشلىنىپ قالغان، گۇمۇرلۇپ چۈشكەن، ئەخلەت - چاۋىلارغا توشۇپ كەتكەن كارىزلارنى كۆرگىنىمدە قاتتىق ئازابلىناتتىم، نەچچە كېچىلەپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. زۇلال سۇلىرى ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرغان، ئەتراپىدا بىر پارچە يېشىل ھاياتلىق جۇلالىنىپ تۇرغان كارىزلارنى كۆرگىنىمدە قاتتىق ھاياجانلىناتتىم، شادلىناتتىم. كارىزغا ئىشلىگەن، ئىشلەۋاتقان، كارىزلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا پىداكارلىق

كۆرسىتىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرسەم ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرەتتىم. مانا ئەمدى پارتىيە، ھۆكۈمەت كارىزلارنىڭ ئىناق ئېكولوگىيە بەرپا قىلىشتىكى رولىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، كارىزلارنى قۇتقۇزۇشقا زور مەبلەغ ئاجراتتى.

## پېشقەدەم رەھبەرنىڭ تۆھپىسى

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سەۋەب - نەتىجىسى بولىدۇ، ۋۇجۇدقا چىققان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنىڭ كەينىدە بىز بىلمەيدىغان بىر ياكى بىر قانچىلىغان خالىس تۆھپىكارنىڭ مىھنەتسىز ئەجىر - تۆھپىسى بولىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كارىزلارنى قوغداش، قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەھمىيەتلىك قۇرۇلۇشنىڭ كەينىدىمۇ بىر يارقىن سىما قۇياشتەك نۇرلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ پېشقەدەم رەھبەر، يەنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى پەرۋىشكارى، يازغۇچى، شائىر تۆمۈر داۋامەتتۇر.

تۆمۈر داۋامەت تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تۇقسۇن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئەجدادلىرى كارىز سۈيى ئىچىپ چوڭ بولغان، ئەگەر خۇاڭخې دەرياسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانا دەرياسى دېيىلسە، ئۇنداقتا كارىز تۇرپان خەلقىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى. ئاشۇ تىنىمسىز ئاقىدىغان كارىز سۇلىرى چاڭجياڭ دەرياسىدەك كەڭرى، خۇاڭخې دەرياسىدەك ھەيۋەتلىك بولمىسىمۇ، ئۇ نەچچە ئەۋلاد تۇرپانلىقنى تەڭداشسىز شەربەتلىرى بىلەن ئۈن-تىنسىز بېقىپ كەلدى. تۇرپان خەلقى كارىزبىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە ئەبەدىي باغلانغان، تۇرپان خەلقى بىلەن كارىز ئارىسىدا ئايرىۋېتىشكە مۇمكىن بولمايدىغان



مەڭگۈلۈك مۇھەببەت بار.

تۆمۈر داۋامەت ئۆزىنىڭ يۇرتىنى، يۇرتىدىكى كارىزلارنى قىزغىن سۆيەتتى. ياش ۋاقىتلىرىدا كارىز قېزىشقا قاتناشقان، توقسۇن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، ناھىيە بويىچە يېزا، گورۇپپىلاردىن مەخسۇس كارىز قېزىش ئەترىتى تەشكىللەپ نۇرغۇن كارىزلارنى قازغان، كېيىن ھەر قېتىم يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە كارىزلارنى يوقلاپ، سۈزۈك، تاتلىق كارىز سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن ھەقىقىي تۇردە يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندەك ھېسسىياتتا بولغان. 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۆمۈر داۋامەت «تۇرپان كارىزى» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنىڭ كارىزغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

كارىز سۈيى بىلەن نەچچە ئەۋلاد تۇرپان خەلقىنى باقتى، تۇرپاندىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ 1/3 ى كارىزدىن كېلىدۇ، بەزى چەت كەنتلەردە كارىز شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئىچىملىك ۋە تېرىقچىلىقىدىكى بىردىنبىر تايىنىدىغان سۇ مەنبەسى. شۇڭا تۆمۈر داۋامەت كارىزنى ئاسراش،

قوغداش، تەتقىق قىلىش ۋە كارىزنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنىڭ تارىخ ۋە دەۋرنىڭ بىزگە يۈكلىگەن قوش ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

1985-يىلى 12-ئايدا، تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغاندىن كېيىن، كۆپ قېتىم تۇرپان، قۇمۇل، توقسۇن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ كارىزلارنى تەكشۈردى، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. كارىزنىڭ نۆۋەتتىكى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ھالىتىنى كۆرگەندىن كېيىن چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مەنسۇپ بولغان بۇ بۈيۈك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ دەۋرىمىز كىشىلىرى ئالدىدا يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەجدادلاردىن دەۋرىمىزگە يەتكەن بۇ قۇتلۇق يالدامىنى گۈللەندۈرۈش ھەم ياشنىتىش، ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن كارىزنى قوغداش، كارىزنى قۇتقۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە بىر يۈرۈش قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېزدىن كارىز مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئەڭ ياخشى قوغداش تەدبىرى ۋە لايىھەلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. كارىز قۇرۇلۇشىنى دۆلەت سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ كارىز قۇرۇلۇشى مەبلىغى ۋە قوغداش مەبلەغلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. قەرەللىك تۈردە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا كارىز مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە تېخىمۇ ياخشى ئاسراش تەدبىرىنى مۇزاكىرە قىلىشنى قولغا كەلتۈردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۆمۈر داۋامەت بۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىق

ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۆزى بۇ جەمئىيەتكە تېما بېكىتىپ
بەردى. ئۇ: « كارىز تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
خەلق ئېگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى ئاساس،
ئەجدادلارنىڭ ئىجادىيىتى، بىز چوقۇم كارىزنى ئاسراپ،
قەدىرلەپ، تەتقىق قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ
كۆرسىتىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كارىزنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن
پايدىلىنىشقا بولغان سەمىمىي ئۈمىدىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ
تارماق ئاكادېمىيەسى قۇم، خام تۇپراق تەتقىقات ئورنى ۋە
شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى نازارىتىنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق،
ئۈرۈمچى ھەم تۇرپانلاردا كۆپ قېتىم خەلقئارا كارىز مۇھاكىمە
يىغىنى چاقىردى، بۇ يىغىنغا 10 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن 100
دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم، ئىنژېنېر، تېخنىكلار ۋە
كارىز قوغداش، ئاسراش ئۇستىلىرى قاتناشتى. كارىزنى
مۇھاكىمە قىلىش، قوغداش خىزمىتى رەھبەرلەر ۋە
مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ،
ئۇلار كارىزنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، قوغداش ۋە زامانىۋى
ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا كارىزنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە
ئاتلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە تاقابىل
تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئوتتۇرىغا قويدى. كارىزنى
قول بىلەن قېزىش قىيىن بولۇش، قوغداش شارائىتى ناچار
بولۇش، ئەمگەك سىجىللىقى يۇقىرى بولۇشتەك ئەھۋاللارغا
قارىتا زامانىۋى، ماشىنىلاشقان ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئىشلەش
ئۇستىدە تەتقىق قىلىپ، قول بىلەن كارىز قېزىشتىكى ئەمگەك
سىجىللىقىنى يېنىكلەتتى؛ كارىزنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، كارىز تىلىملىرىنى سۇ
سىڭمەسلەشتۈرۈش تەتقىقاتىنى يولغا قويدى. بۇلار ھازىر ۋە

بۇنىڭدىن كېيىنكى كارىزنى تېخىمۇ ياخشى ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىدە پائال، ئۈنۈملۈك رول ئويناپ كەلدى.



2004-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك 3-قېتىملىق كېڭەش يىغىنىدا پەخرىي مۇدىرىيەت باشلىقى بولۇۋاتقان تۆمۈر داۋامەت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ۋە «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى» بىلەن كارىزنى قوغداش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يۈكسەك دەرىجىدە شەرھلىدى: يەنى «كارىزنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش سانسىزلىغان ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئېسىل مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغانلىق ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىق بولۇپ، كارىز ئەجدادلىرىمىز ئىجاد قىلغان قىممەتلىك ماددىي، مەدەنىي مىراس بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئىلغار مەدەنىيەتكە، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، كارىزنى قوغدىغانلىق، كەڭ ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىق، بىز چوقۇم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز

لازىم. پەقەت ياخشى قوغدىيالىغاندىلا، ئاندىن ئۇلارغا يۈز كېلەلەيمىز؛ كارىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھازىرقى كىشىلىرىمىزگە مۇلازىمەت قىلغانلىقتۇر، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ مۇكەممەل ھالەتتە ئەۋلادلىرىمىزغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز، ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغىلى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، كارىز ئىنسانىيەت ئۈچۈن داۋاملىق بەخت يارىتالايدۇ، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەممىسى مۇھىم ئىش. مانا بۇ ئادەمنى ئاساس قىلىش، خەلققە مەسئۇل بولۇش دېگەنلىكتۇر» دېدى.

كارىزنى قۇتقۇزۇش، قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش خىراجىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن، 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۆمۈر داۋامەت دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ جياڭغا مەخسۇس خەت يېزىپ، دەسلەپكى قاراردا كارىزلارنى قۇتقۇزۇش مەبلىغىدىن 190 مىليون يۈەننى ئۈچكە بۆلۈپ ھەل قىلىش تەكلىپىنى بەردى، ئالدىنقى ئۈچ يىلدا 60 مىليون يۈەن بېرىلىپ، ھەر يىلغا 20 مىليون يۈەندىن توغرا كەلدى، ئۇنىڭدىن باشقا قىسمىنى ئاپتونوم رايون ۋە يەرلىك ئۆزى غەملىدى. مۇدىر ليۇ ـ جياڭ تۆمۈر داۋامەتنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا تەستىقلىدى. تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مەبلەغنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىغا رەسمىي چۈشۈرۈپ بەردى، تۇرپان ۋە قۇمۇللاردا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس مەبلەغ غەملىنىپ، كارىزنى ئۇزاق مۇددەت قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا كارىزنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسىغا ئىلتىماس

قىلىش خىزمىتىگە تېزدىن ھەرىكەتلىنىش ئۇچۇن، تۆمۈر داۋامەت كۆپ قېتىم تۇرپانغا بېرىپ، جۇڭگو شىنجاڭ كارىزىنى «ئىلتىماس قىلىش» سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، كارىزنى ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قاتارىدا ئىلتىماس قىلىش بويىچە مەخسۇس تېمىدا مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇردى، ئۇنىڭ پائال تۇرتكىسى ئاستىدا كارىزنى «ئىلتىماس قىلىش» خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ھەم قۇرۇلدى، «ئىلتىماس قىلىش» دوكلاتىنى يېزىش بەنزىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقىرى سەۋىيەدىكى دوكلاتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېزىپ چىقىش تەلەپ قىلىندى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو دۇنيا مەدەنىيەتى مىراسلىرىنى ئىلتىماس قىلىش كومىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يېتەكلىشى ۋە قوللىشى پائال قولغا كەلتۈرۈلدى. ئالاقىدار تارماقلار ۋە خادىملارنى دۆلەت ئىچىدىكى «ئىلتىماس قىلىش» مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشلىرى، مەسىلەن، دۇجياڭ تۇسمىسى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ،



ئۇلارنىڭ ئىلتىماس قىلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كارىزنى رېمونت قىلىش، قۇتقۇزۇش ۋە ئاسراش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، « ئىلتىماس قىلىش»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى. 2006 ـ يىلى كارىز دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، تۆمۈر داۋامەت دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بولغان ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى باشلاپ تۇرپان ۋىلايىتىدە كارىزلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

پېشقەدەم رەھبەر تۆمۈر داۋامەتنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتىدە كارىزلارنى ئاسراش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەر يىلى تەخمىنەن 20 مىليون يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ ئاجرىتىپ، كارىزلارنى قوغداشنى قارار قىلدى. مەبلەغ كارىز قوغداش ئەترەتلىرىگە ئەمەلىيلىشىپ، ئىدىقۇت ۋادىسىدا كارىزلارنى قۇتقۇزۇش، ئاسراشتىن ئىبارەت قاينام ـ تاشقىنلىق ئەمگەك مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان پېشقەدەم رەھبەر تۆمۈر داۋامەت يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ تۇرپانغا كېلىپ، كارىز قۇرۇلۇش مەيدانلىرىنى بىر قانچە قېتىم كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ، ھەر قېتىم كارىز ئىش مەيدانلىرىغا بارغىنىدا: «مەن توقسۇندىكى شور كارىزنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، شۇڭا كارىزغا ئالاھىدە مۇھەببىتىم بار، كارىزلارنى

قانچە كۆرسەممۇ قانمايمەن، كارىز قۇرىدى، دېگەن گەپ، ئەجداد روھى ئۆلدى، دېگەنلىك، شۇڭا كارىزلارنى قۇرۇتۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ» دەپ تەكىتلىدى. 2010 - يىلى 25 - ماي كۈنى تۆمۈر داۋامەت كارىزلارنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تۇرپانغا يەنە بىر قېتىم كەلدى، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە خەلق قۇرۇلتىيى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلا قاسىم، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، كارىزلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىكرام غوپۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزا يار كەنتى 3 - مەھەللىسىدىكى سۇيى راۋانلاشتۇرۇلغان چوڭ كارىزنى تەكشۈرۈشكە كەلدى. كۆجۈم مەھەللە ئىچىدىكى كارىز بويى ئۆزلىرىنىڭ كارىز قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلغان پېشقەدەم رەھبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان دېھقانلار بىلەن تولغان بولۇپ، تۆمۈر داۋامەت دېھقانلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن تىلما بويىغا چۈشۈپ، رېمونتتىن كېيىن ئۇلغىيىپ ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان كارىز سۈيىنى قانغۇدەك ئىچتى. شۇ مەھەللىدىكى ئابدۇقېيۇم، ئابدۇشېھىت قاتارلىق پېشقەدەم كارىزچى دېھقانلار بىلەن سەممىمىي پاراڭلاشتى. ئۇ يەردىن يېنىپ تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىنىڭ بۇلاق كەنتى 2 - مەھەللىسىدىكى ئاخۇن كارىزنى رېمونت قىلىش نەق مەيدانىغا كېلىپ، بۇ يەردە كارىزلارنى رېمونت قىلىشتا يېڭى تېخنىكا قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى، كارىز قۇدۇقى ئىچىگە سېمونت بوغۇچا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخنىكلار ۋە دېھقانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى. دېھقانلار كارىزلارنى قۇتقۇزۇشقا زور كۈچ چىقارغان پېشقەدەم رەھبەرگە بولغان ئالەمچە تەشەك-

كۆرنى، ھۆرمەت ـ ئىھتىرامىنى ئىپادىلەپ، تۆمۈر داۋامەتكە دوپپا كىيگۈزدى ۋە نان، ئۆرۈكلەرنى يوللۇق تۇتتى.

## كارىزلارنى قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى

كارىزلارنى قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تۇر قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن باشلاپ تۇرپان ۋىلايىتىدە كارىزلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى.

دەسلەپكى قەدەمدە تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ھازىر سۈيى بار بولغان 30 كارىزنى قۇتقۇزۇش بېكىتىلىپ، ھەر بىر كارىز ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئالتىدىن يەتتىگىچە كارىزچىدىن تەركىب تاپقان بىر كارىز رېمونت قىلىش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئەترەت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىرى تەيىنلەندى. ھەر بىر كارىز رېمونت قىلىش ئەترىتىگە ھۆكۈمەت ياردىمى بىلەن بىر تىراكتور، بىر كارىز كولاش جازىسى (بولو)، بىر يۈرۈشتىن كارىز كولاش قورال ـ سايمانلىرى، ھەر بىر كارىزچىغا بىر يۈرۈشتىن رېزىنكە كىيىم، چىراغ ئورنىتىلغان بىخەتەرلىك قالپىقى قاتارلىقلار سەپلەندى، ھەر بىر كارىزچى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى. تۇرپان شەھەرلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى سۇ مەمۇرىيىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئالىم ئەخمەت زىيارىتىمنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى: تۇرپان شەھىرىدە بىرىنچى تۈركۈمدە رېمونت قىلىنىدىغان كارىز 13 بولۇپ، بۇ كارىزلار بەش يېزىغا جايلاشقان. ھازىر 13 كارىزنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى تەڭلا باشلاندى. ھەر بىر كارىز رېمونت قىلىش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا كارىز تېخنىكىسى، بىخەتەرلىك، مالىيە باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى قابىل كىشىلەر

تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئەترەت باشلىقىغا بىردىن بانكا كارتىسى بېجىرلىگەن، شۇ كارىزنى رېمونت قىلىشقا ئاجرىتىلغان 300 مىڭ يۈەن ئەتراپىدىكى مەبلەغ بىۋاستە كارتىغا ئۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدا مەبلەغنىڭ ھەرقايسى قاتلام، ھالقىلاردا سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ مەبلەغنى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ۋە ئەزالار ئۆز ئارا نازارەت قىلىشىپ، ئەمەلىي چىقىمنى ئۇدۇللۇق يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، تالون ئارقىلىق كارىزنى رېمونت قىلىشقا خىراجەت قىلىدۇ. يەنە بىر نۇقتا كارىز ئەترىتىنىڭ ئەزالىقىغا كارىزغا ئالاھىدە مۇھەببىتى بار، ئىرادىسى چىڭ، ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا بانا كۆرسەتمەي، كارىزغا ئىزچىل ئىشلىيەلەيدىغان، شۇ مەھەللىلىك دېھقان ياشلىرى سەپلەندى. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن كارىز قۇرۇلۇشىنىڭ ئىزچىللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كۆزدە تۇتۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ مەھەللىلىك دېھقانلارنى كارىز قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش، ئىشسىز يۈرگەن دېھقان ياشلىرىنى ئىش ئورنىغا ئىگە قىلىش، ئىقتىسادنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسەت قىلىندى.

مەن سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدا ئالىم ئەخمەت تەمىنلىگەن بىر



جەدۋەلنى كۆردۈم، يەنى بۇ جەدۋەلگە بۇ قېتىم رېمونت قىلىنىدىغان تۇرپان شەھىرىنىڭ يار، ئۈزۈمچىلىك، ئايدىڭكۆل، چاتقال، سىڭگىم يېزىلىرىدىكى 13 كارىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، رېمونت قىلىش رايونى، كارىز ئەترىتىنىڭ باشلىقى، تېلېفون نومۇرى قاتارلىقلار تەپسىلىي كىرگۈزۈلۈپتۇ، ھازىر 13 ئەترەت پىلان بويىچە كارىزلارنى جىددىي رېمونت قىلىۋېتىپتۇ.

ئالىم ئەخمەت يەنە مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى كارىزلارنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ دائىرىسى كەڭ، كۆلىمى زور، ئۇزاق مۇددەتلىك بولغان بىر قېتىملىق قۇرۇلۇش، بىرىنچى تۈركۈمدە سۈيى بار كارىزلار رېمونت قىلىنىدۇ، سۈيى بار كارىزلارمۇ يەنە ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن لېيىنى تازىلاش، ئۆرۈلگەن جايغا بوغۇچا (U شەكىللىك سېمونت تاختا) قويۇش، تىك قۇدۇق ئېغىزى، تىلما ئاغزىنى مۇستەھكەملەش، ئۆرۈلگەن جايلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق بىر قانچە باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىككىنچى تۈركۈمدە سۈيى توختاپ قالغان، رېمونت قىلسا سۇ چىقىش ئېھتىمالى بولغان كارىزلار رېمونت قىلىنىدۇ. بۇ قېتىم رېمونت قىلىنىۋاتقان 13 كارىز 2009 ـ يىلىغا قارىتا چۈشۈرۈلگەن پىلان بولۇپ، 2010 ـ يىلىغا قارىتا رېمونت قىلىنىدىغان كارىزلار ئەمدى بېكىتىلىدۇ.

## دېھقانلارنىڭ كارىزلارنى قۇتقۇزۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى

2010 ـ يىلى 8 ـ فېۋرال كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدىكى كارىزلارنى رېمونت قىلىش، قۇتقۇزۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يار يېزىسىغا باردىم. بۇ كۈنى شىنجاڭ سۇ ئىنشائاتى سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشلىرىنى نازارەت قىلىش مەركىزى تۇرپان نازارەت بۆلۈمىنىڭ خادىملىرىمۇ كارىزلارنىڭ

رېمونت قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن يار يېزىسىغا كەلگەنىكەن، يېزىلىق سۇ ئىشلىرى پونكىتىنىڭ باشلىقى ئىمىنجان رىشىت ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

يار يېزىسى تۇرپان شەھىرىدىكى كارىزلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 2003 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشىدە يېزا بويىچە جەمئىي 123 كارىزغا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 66 كارىزنىڭ سۇيى بارلىقى (ھازىر سۇيى بار كارىز 53) ئېنىقلانغان. ئىككى چوڭ كارىزنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان، كارىزلارنى دۇنياغا تونۇتۇشتا غايەت زور رول ئويناۋاتقان، 3A دەرىجىلىك مەشھۇر ساياھەت نۇقتىسى — كارىز سەيلىگاھى بىلەن كارىز ئۆرپ - ئادەت باغچىسىمۇ دەل مۇشۇ يېزىغا جايلاشقان. سۇ ئىنشائاتى سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشلىرىنى نازارەت قىلىش بۆلۈمىنىڭ خادىملىرىنى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى نۆۋەتتە ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كارىزلارنى قۇتقۇزۇش، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشلىرىنى نازارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ئۇلار كارىزلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرى خەرىتە ۋە ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتامدۇ؛ بىخەتەرلىك، سۈپەت جەھەتتىن دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتتىمۇ دېگەندەك تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىدىكەن، مەن بۇنىڭدىن ھەر دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ كارىزلارنى قۇتقۇزۇشقا، قۇرۇلۇشنىڭ سان ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىمىنجان رىشىت ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېزىمىزدىكى بۇ قېتىمقى تۈرگە كىرگۈزۈلگەن كارىزلار ئۈچ ئىدى، كېيىن بىر

كارىز ئۆلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن يەنە بىر كارىزنى قوشۇپ تۆت كارىزغا ئىشلەۋاتىمىز. بۇ كارىزلار يار بېشىدىكى تېرەك كارىز، لۈزۈن كەنتىدىكى سەنجەر كارىز، يار كەنتىدىكى چوڭ كارىز، چاجاڭ ۋە يار كەنتلىرىگە تەۋە كىچىك كارىزلاردىن ئىبارەت. 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بۇ كارىزلاردا تەڭلا قۇرۇلۇش باشلاندى. تېرەك كارىزدا بىر ئەترەتتىكى سەككىز ئادەم، سەنجەر كارىزدا ئىككى ئەترەتتىكى 12 ئادەم، چوڭ كارىزدا بىر ئەترەتتىكى ئالتە ئادەم، كىچىك كارىزدا ئىككى ئەترەتتىكى 12 ئادەم ئىشلەۋاتىدۇ. ئىش باشلاشتىن بۇرۇن كارىزچىلار ئىككى كۈن كارىزلارنى باشتىن ـ ئاياغ تەكشۈرۈپ، قەيەردە قانچىلىك لاي بارلىقىنى بېكىتتى، هازىر ئاساسلىقى تەشمىدىن لاي ئېلىش ئىشىنى ئىشلەۋاتىدۇ، بۇ بىرىنچى باسقۇچ بولۇپ، بىر ئاي ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، تەشمىگە بوغۇجا، يەنى U شەكىللىك سېمونت تاختا قويۇلۇپ، ئۆرۈلۈشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، ئۈچىنچى باسقۇچتا، قۇدۇق ئاغزى مۇستەهكەملىنىدۇ. لېيىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى 20 كۈندىن ئىككى ئايغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. ئەلۋەتتە رېمونت قىلىنىۋاتقان كارىزلارنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالى ئوخشاشمايدۇ، يار كەنتىدىكى چوڭ كارىزنىڭ قۇدۇق ئاغزىدىن چۇشىدىغان توپا جىق، شۇڭا ئاساسلىقى بوغۇجا قويۇلىدۇ، بەزى كارىزلارنىڭ تەشمىسىگە لاي توشۇپ قالغان، بەزىلىرىنىڭ تىلما ئاغزى بۇزۇلغان، بەزىلىرىنىڭ قۇدۇق ئاغزىدىن توپا سىيرىلىدۇ. شۇڭا هەر بىر كارىز ئەمەلىي ئەهۋالىغا قارىتا رېمونت قىلىنىدۇ.

ئىمىنجان رىشىت يەنە مۇنداق دېدى: يېزىمىزدا ئەزەلدىنلا كارىزلار كۆپ بولغاچقا، دېهقانلارنىڭ ئارىسىدا خېلى بۇرۇنلا كارىزغا ئىشلەش ئەنئەنىسى، كارىز ئەترەتلىرى بار ئىدى. بۇ

قېتىمقى كارىزلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى دېھقانلارنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى، مەبلەغ، ئۇسكۇنىلەر تېخى ئەمەلىيلەشمەي تۇرۇپلا، ئۇلار يەڭنى شىمايلاپ ئىشنى باشلىۋەتتى، «دۆلەت ياردەم بەرمىگەن ۋاقىتلاردىمۇ ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، كارىزلارغا ئىزچىل ئىشلەپ كېلىۋاتقان تۇرساق، ئەمدى دۆلەت ياردەم بېرىمىز دەۋاتسىمۇ ساقلاپ ياتىمىزمۇ؟» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىراكتور، بولۇ قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، ھازىر كارىزچى دېھقانلار «كارىز مەبلىغىنى تېجەپ ئىشلىتىپ، تېخىمۇ كۆپرەك كارىزنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دېيىشىپ، ناھايىتى يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ، قىسقىسى، دېھقانلارنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان تەشەككۇرى چوڭقۇر.

## كارىز بېشىدا ئەمگەك ناخشىسى

2010 ـ يىلى 8 ـ فېۋرال كارىزلارنىڭ رېمونت قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن شىنجاڭ سۇ ئىنشائاتى سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشلىرىنى نازارەت قىلىش مەركىزى تۇرپان نازارەت بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىرگە تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى يار كەنتىدىكى رېمونت قىلىنىۋاتقان چوڭ كارىزغا كەلدىم.

چوڭ كارىز يار كەنتىنىڭ شىمالىدىكى تاشلىقتا، 312 ـ دۆلەت يولىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئانچە يىراق بولمىغان جايدا دۆلەت يولى ۋە تۇرپان بىرلىككە كەلگەن ساياھەت مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ بىنالىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئەتراپقا يېقىندىن بىر قانچە ئائىلە كۆچۈپ چىققان بولۇپ، رەت ـ رەت

چۈنچىلەر قۇياش نۇرىدا ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، كارىز قۇرۇلۇشى قىزىپ كەتكەنىدى. ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەنئەنىۋى ياغاچ بولونىڭ ئورنىغا ھازىر مۇستەھكەم تۆمۈر جازا ياسىلىپ، كارىز قۇدۇقىنىڭ ئاغزىغا مۇقىملاشتۇرۇلغان، جازىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە غالتەك ئورنىتىلغان، غالتەككە يۆگەلگەن پولات ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى 20 ـ 30 مېتىر يىراقلىقتىكى تىراكتورنىڭ چاقىغا چاپلاپ ياسالغان يەنە بىر غالتەككە يۆگەلگەن، چاق ئوقىنىڭ ئاستىغا تىرەك قويۇلۇپ، چاق يەردىن 30 سانتىمېتىردەك كۆتۈرۈلگەنىدى. مەن دېھقانلارنىڭ ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى كارىزغا ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، تېخىمۇ زامانىۋى، قولاي، بىخەتەر سەۋىيەگە كۆتۈرگەنلىكىگە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بولو ياغاچتىن ياسىلاتتى ھەم بولونىڭ غالتىكى قول بىلەن ياكى كالا بىلەن ئايلاندۇرۇلاتتى، تىراكتور پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ تىراكتور ئالدى ئارقىغا مېڭىپ، غالتەكنى ئايلاندۇراتتى. بۇنداق ئۇسۇلدا ئەمگەك سىجىللىقى، چىقىم ئېشىپ كېتىش بىلەن بىرگە بىخەتەرلىككىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. ھازىر بولسا ياغاچ بولونىڭ ئورنىغا مۇستەھكەم تۆمۈر جازا ياسىلىپتۇ، تىراكتور ئورنىدىن قوزغالماي، يەردىن كۆتۈرۈلگەن چاقنى ئايلاندۇرسىلا، غالتەككە يۆگەلگەن ئارغامچا ئېگىز ـ پەس ھەرىكەتلىنىپ، لاي سېۋەتنى تارتىدىغان، چۈشۈرىدىغان يېڭى شەكىل ئىجاد قىلىنىپتۇ. بۇ كارىز ئەترىتىنىڭ باشلىقى 62 ياشلىق نۇرىدىن قادىر ئاكا بولۇپ، ئۇ 30 نەچچە يىللىق كونا كارىزچى ئىكەن. ئۇ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3700 مېتىر بولۇپ، سوتكىسىغا 30 مودەك يەر سۇغىرالايدۇ، ھازىرقى دەۋردە سۈيى ئۇلۇغ كارىز ھېسابلىنىدۇ. بىز 24 ـ يانۋاردىن



باشلاپ قۇرۇلۇشنى باشلىغان، 34 قۇدۇقنىڭ لېيىنى تازىلاپ تۈگەتتۇق، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى پۈتۈنلەي تاش ـ شېغىل، شۇڭا ئەمگەك سىجىللىقى يۇقىرى ھەم جاپالىق، لېكىن سىرت سوغۇق بولسىمۇ، كارىزنىڭ ئاستى ئىسسىق، شۇڭا كارىزنىڭ ئىچىگە بىر چۈشسەك 5 ـ 6 سائەتلەپ ئىشلەۋاتىمىز. كۈنلۈك ئەمگەك ۋاقتىمىز 8 سائەتكە يېتىدۇ. چۈشتە بىر سائەت تاماق ۋاقتى بار، مەھەللە يېقىن بولغاچقا، ئۆيلەرگە كىرىپ، تاماق يەپ چىقىمىز.

شۇ ئارىدا بېشىغا كانچىلارنىڭكىگە ئوخشاش چىرىغى بار بىخەتەرلىك قالپىقى، ئۇستىگە بىر يۇرۇش رېزىنكە كىيىم، رېزىنكە ئۆتۈك كىيگەن ياش كارىزچى غاپپار روسۇل غالتەككە ئورالغان ئارغامچىغا ئېسىلىپ، قۇدۇق ئاغزىدىن ئاستا سىيرىلىپ، كارىزنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى.

بىز چوڭ كارىزدىن يېنىپ، يار كەنتىگە جايلاشقان، چاچاڭ كەنتىگە تەۋە بولغان كىچىك كارىزغا كەلدۇق. بۇ كارىز كۆجۈم

مەھەللىنىڭ شەرقىدىكى زىچ سىلىنغان چوڭچىلەرنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3500 مېتىر، قۇدۇقى 83 ئىكەن، ھازىر كۆنلۈكىگە 20 مو ئەتراپىدا يەر سۇغىرالايدىكەن. بۇ كارىزدا 27 - يانۋار ئىش باشلانغان بولۇپ، ئىككى ئەترەتتىكى 11 ئادەم ئىشلەۋېتىپتۇ.

كارىز ئەترىتىنىڭ باشلىقى رېقىپ ياقۇپ بىزنى كۆتۈۋېلىپ ئەھۋال تونۇشتۇردى: بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى قۇمساڭغۇ سىغىز بولغاچقا، ئانچە قاتتىق ئەمەس، لېكىن ھەر بىر قۇدۇقنىڭ ئاستىدا ئەينى يىللىرى كارىزنى قوغداش ئۈچۈن قويغان كودا (سېمونت تاۋاق )بار ئىكەن، بۇ كودىلارنىڭ ئاستىغا لاي تىنىپ كېتىپتۇ، كودىلارنى چېقىپ ئېلىۋەتمىسەك، كارىز سۈيىنىڭ راۋانلىقىغا تەسىر يېتىدىكەن، قاراڭغۇ كارىزنىڭ ئاستىدا شۇ مۇستەھكەم كودىلارنى چېقىپ ئېلىۋېتىش بەك تەسكە توختاۋاتىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ كۈندە سەككىز سائەتلەپ ئىشلەپ، 24 قۇدۇقنىڭ لېيىنى تارتىپ تۈگەتتۇق. كارىز مەھەللىگە يىراق بولغاچقا، چۈشتە بىر سائەت ۋاقىت ئاجرىتىپ، تاماقنى مۇشۇ يەردىلا ئېتىپ يەۋاتىمىز.

رېقىپ ئاكا يەنە مۇنداق دېدى: مەھەللىمىزدە 1964 - يىلىدىن باشلاپلا كارىز ئەترىتى بار ئىدى، مەن شۇ يىللاردىن باشلاپلا كالا بىلەن كارىزنىڭ لېيىنى تارتقان، مانا ھازىر كارىز بىلەن ھەپىلىشىپ كېلىۋاتقىنىمغا 40 يىلدىن ئاشتى، كارىزغا ئالاھىدە مۇھەببىتىم بار، شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ كارىزلارنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەبلەغ، ماددىي ئەشيالارنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرمايلا، ئۆزىمىزنىڭ تىراكتورلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، لاي تارتىدىغان جازىنى ئۆزىمىز ياساپ ئىش باشلاپ كەتتۇق. قىسقىسى بۇ ئىنتايىن ياخشى ئىش بولدى.

مەن قەھرىتان سوغۇقتا، قاراڭغۇ كارىزنىڭ ئاستىدىكى

چىلىق ـ چىلىق سۇ ئىچىدە سۇغۇردەك ئۆمىلەپ لاي تارتىپ، كۇندە سەككىز سائەتلەپ ئېغىر ئەمگەك قىلىپ، دالىدا ئۆزلىرى قاتتىق ـ قۇرۇق تاماقلارنى ئېتىپ قورسىقىنى ئەستەرلەۋېلىپ، شۇنچە خەتەرلىك، نازۇك، ئىش ھالقىسى مۇرەككەپ قۇرۇلۇشقا ئىشلەۋېتىپمۇ يەنە ۋايىسىماقتا يوق، پىداكارلىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن ئۆزىنى ئىشقا ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ كارىزچىلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىدىن ھەقىقەتەن تەسىرلەندىم، كارىزغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ھېس قىلدىم.

## كارىز ئاستىدا

2010 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال تۇرپان شەھىرى يار يېزا چاجاڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمتىمىن ئابدۇقېيۇمنىڭ ھەمراھلىقىدا، كىچىك كارىز رېمونت قىلىنىۋاتقان نەق مەيدانغا يەنە بىر قېتىم كەلدىم. بۇ قېتىم كارىز قۇرۇلۇشى ئۈستىگە سۇرۇلۇپ، چۈنچىلەر ۋە قەبرىستانلىق



جايلاشقان بۆلەككە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، كارىز قۇرۇلۇشىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، كارىزچىلار قەبرىلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن ناھايىتى ئېهتىيات بىلەن ئىشلەۋېتىپتۇ.

مەن جىددىي ئىشلەۋاتقان كارىزچىلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن كارىزنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەيدەمگىچە كېلىدىغان رېزىنكە كىيىمنى، چىراغ ئورنىتىلغان بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيىپ تەييار بولدۇم. كارىزچىلار بېلىمدىن ئارغامچا باغلاپ، سېۋەت تارتىدىغان پولات ئارغامچىنىڭ ئۇچىدىكى ئىلمەككە مېنى مۇقىملاشتۇرۇپ قويدى. تىراكتور چاقىنىڭ ئاستا ھەرىكەتلىنىشى بىلەن مەن ئاستا - ئاستا سىيرىلىپ كارىز ئاستىغا چۈشۈشكە باشلىدىم، بۇ قۇدۇقنىڭ ئېگىزلىكى 25 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ يەر ئاساسەن تاش - شېغىللىق تۇپراق ئىكەن. كارىزنىڭ ئاستىدا ئۇچ كارىزچى ئىشلەۋاتقان بولۇپ، تەشمىدە تىزغا كەلگۈچىلىك سۇ شارقىراپ ئېقىۋېتىپتۇ. بۇ كارىزنىڭ تەشمىسى خېلى ئېگىز بولغاچقا، ئادەم بېشىنى سەللا ئەگسە ئىچىدە بىمالال ماڭالايدىكەن، لېكىن تەشمە تۈز بولماستىن، ئەگرى - توقاي بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تۇپراق قاتلىمىنىڭ يۇمشاق، قولاي يېرىنى قوغلىشىپ مۇشۇنداق چېپىلغان ئىكەن. رېزىنكە كارىز كىيىمى، بىخەتەرلىك قالپىقىدىكى ئېلېكتىر چىرىغى كارىز قۇرۇلۇشىغا زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كەپتۇ، سۇنىڭ ئىچىدە شالاقلاپ ماڭسىمۇ، ئادەم ھۆل بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە كارىزنىڭ ئىچى ئىللىق ئىكەن، چىراغنىڭ ياردىمىدە ھەممىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن. بۇ يەردە لاي ئۇسۇۋاتقان پېشقەدەم كارىزچى باۋۇدۇن ئاكا چىراغنىڭ يورۇقىدا ماڭا ھازىرقى سۇ ئېقىۋاتقان چېگرانىڭ بىرەر مېتىر ئۇستىدىكى، تەشمىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاپپاق



سۇ ئىزىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: تەشمىنىڭ ئاستىغا لاي توشۇپ كەتكەچكە، ئەسلى سۇ مۇشۇنچىلىك ئېگىزلىكتە ئېقىۋاتقانىدى، ئاستىدىكى لاينى ئېرىغدىشىمىز نەتىجىسىدە سۇ ئۇلغىيىش بىلەن بىرگە، ھازىرقى ئورۇنغا تۆۋەنلىدى.

كارىزنىڭ ئاستىدا، چىراغ نۇرىنىڭ يورۇقىدا شالاقشىپ سۇ كېچىپ مېڭىپ، يەنە بىر قۇدۇق ئاغزىنىڭ ئاستىغا كەلدىم، بۇ يەردىمۇ ئىككى كارىزچى ئىشلەۋېتىپتۇ، تەشمىنىڭ ئىچى ئەگرى - توقاي بولۇپ، سۇ بەزىدە چوڭقۇر بولسا، بەزىدە تېيىززەك ئىكەن، قۇدۇق ئاغزىنىڭ ئۇدۇلى سەل چوڭراق، يۇمىلاق دائىرىدە ئىكەن، بۇ يەردە قۇدۇق ئاغزىدىن چۈشۈپ كەتكەن لاي كۆپ بولغاچقا، ئىش سالمىقىمۇ سەل ئېغىر ئىكەن. مەن ئاستىدىكى كارىزچىلار بىلەن خوشلىشىپ، يەنە ئارغامچىغا ئېسىلىپ، كارىزنىڭ ئۈستىگە يېنىپ چىقتىم. بۇ چاغدا يېزىدا ئېچىلغان كارىز قۇرۇلۇشى يىغىنىدىن خۇشال قايتىپ كەلگەن بۇ كارىز ئەترىتىنىڭ باشلىقى، پېشقەدەم كارىزچى رېقىپ ياقۇپ مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، يىغىندا ئۆزلىرىنىڭ ئەترىتىنىڭ

يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن غەيرەتتىنىڭ يەنىمۇ ئاشقانلىقىنى ئېيتتى.

رېقىپ ئاكا مۇنداق دېدى: كارىز قۇدۇقىنىڭ ئاغزى پۈتۈن تاختىدا ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا شاخ ـ شۇمبا بىلەن يېپىلغاچقا، قۇدۇق ئىچىگە سىيرىلىدىغان توپا جىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىشتا قۇدۇق ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق ھاۋا قۇدۇق ئاغزىغا تەسىر كۆرسىتىپ، تۇپراقنىڭ ئېرىش، يۇمشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يەنە ئۆرۈلۈش، توپا سىيرىلىشنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا تەشمىدىكى قۇدۇق ئاغزىنىڭ ئۇدۇلىدا تىنىپ قالغان لاي ـ لاتقىلار بىر قەدەر كۆپ، بەزى قۇدۇقلارنىڭ لېيىنى تازىلاش ئۈچۈن 3 ـ 4 كۈن ۋاقىت كېتىدۇ، 23 كۈندە 41 قۇدۇقنى، 722 مېتىر جاينى تازىلاپ تۈگەتتۇق، يەنە 3100 مېتىردەك ئارىلىق بار. ھازىر كارىز سۈيىنىڭ ئۆلۈغ يېرىگە، كۆزى بار جايغا تېخى كەلمىدۇق. كارىزنىڭ كۆزى بار جايلىرىدا ياش تامچىلىغاندەك، يامغۇر تۆكۈلگەندەك، بەزىدە كىچىك بالا سىيگەندەك سۇ چىقىدۇ، بۇ جايلارنى رېمونت قىلساق، كارىز سۈيى تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ.

رېقىپ ئاكا يەنە مۇنداق دېدى: ھازىر كارىزچىلارغا كۈنلۈكىگە 80 يۈەندىن ئىش ھەققى ھېسابلاۋاتىمىز، بۇنىڭ ئىچىدىكى 70 يۈەن ئىش ھەققى، 8 يۈەن تاماق پۇلى، 2 يۈەن كىرا پۇلى بولۇۋاتىدۇ. كارىزدا ئىشلىگەن ئادەمنىڭ بەدىنىنى سوغاق ئېلىپ كېتىدۇ، كۈندە دېگۈدەك گۆش يەپ، شورپا ئىچىپ، قۇۋۋەت تولۇقلاپ تۇرمىسا بولمايدۇ، ھەممە ئىشنى ئۆگەنسۇن، دەپ تاماقنى نۆۋەتلىشىپ ئېتىۋاتىمىز، گۆش ئۆكسىمەيدۇ، تاماقلىرىمىز ياخشى. كارىزچىلارنىڭ غەيرىتى ئۇستۈن، قۇدۇقنىڭ ئاستىغا بىر چۈشۈپ كەتكەنلەر 6 ـ7 سائەت چىقماي ئىشلەۋاتىدۇ.

# بەشىنچى باب  كارىز رىۋايەتلىرى ۋە قوشاقلىرى

## كارىز ھەققىدە رىۋايەتلەر

### 1

يۇرۇنىنىڭ يۇرۇنىسىدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئىككى قوۋم كىشىلىرى ياشايدىكەن. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىدىقۇت ۋادىسى يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان، سۇيى قىس زېمىن بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەر تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. تاغنىڭ شىمالىدىن سىڭگەن سۇلار تاغنىڭ جەنۇبىدا نۇرغۇن بۇلاقلارنى شەكىللەندۈرگەچكە، ئىدىقۇت باغرىدىكى قوۋملەر بۇلاق سۇلىرىغا تايىنىپ ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. تاغنىڭ شىمالىنىڭ ھاۋاسى سالقىن، سۇيى مول، ئوت ـ چۆپلىرى قويۇق، يايلاقلىرى پايانسىز بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئەسلىدە تاغنىڭ ئىككى يېقىدىكى كىشىلەر بىر ئۇرۇقتىن بولۇپ، كېيىن ھەر خىل نىزالار سەۋەبىدىن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەنىكەن.

ئىدىقۇت ۋادىسىدىكى ئەزىز ئاتلىق پاراسەتلىك، باتۇر، سۇباتلىق يىگىت داۋاملىق ماللىرىنى ھەيدەپ تاغنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ قوي باقىدىكەن. بۇ جەرياندا ئۇ بۇ يەردىكى زەدىراخۇن ئاتلىق بىر باينىڭ بەختىگۈل ئىسىملىك بەرنا قىزىغا ئاشىق

بولۇپ قاپتۇ، بەختىگۈلمۇ ئەزىزگە كۆڭۈل بېرىپتۇ. ئىككىلەن تويلىشىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئەزىز بۇ ئىشنى دوست - يارانلىرى ئارقىلىق ئاتا - ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئەزىزنىڭ ئاتا - ئانىسى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ، تاغنىڭ شىمالىدىكى زەدىراخۇننىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە كەپتۇ. لېكىن، زەدىراخۇن ئىككى يۇرتنىڭ بۇرۇنقى ئۆچمەنلىكىنى پەش قىلىپ ۋە ئەزىزجاننىڭ ئاتا - ئانىسىنى نامرات كۆرۈپ، ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. ئامالسىز قالغان ئەزىز بىر ئاخشىمى تاغنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ، بەختىگۈلنى ئېلىپ قېچىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن زەدىراخۇن تاغ باغرىغا ئېقىپ بارىدىغان بارلىق ئېقىن - ئۆستەڭلەرنى باشتىن توسۇپ، جەنۇبتىكى خەلقلەرنىڭ سۇدىن ئىبارەت جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بوپتۇ. دەرۋەقە، تاغنىڭ شىمالىدىكى سۇلار توسۇۋېتىلگەچكە، جەنۇبتىكى بۇلاقلار قۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە ئىدىقۇت ۋادىسىدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك ئاپىتى يۈز بېرىپ، ماللار ئورۇقلاپ، ئامبار، تاغارلار قۇرۇغدىلىپ، يەرلەردىن ئاشلىق چىقماس، باغلاردا يېمىش پىشماس بولۇپ قاپتۇ. بۇ يەردىكى قوۋملەرنىڭ جان بېقىشىمۇ تەسكە توختاپتۇ. خەلقلەر:

زەدىراخۇن باغرى تاش،
بەختىگۈلنى بەرمىدى.
مالغا گىياھ، يەرگە سۇ،
ئوت - چۆپ، بۇلاق بەرمىدى.

دېگەندەك قوشاقلارنى توقۇشۇپ، زەدىربايىنىڭ رەھىمسىزلىكىگە لەنەت ئوقۇپتۇ. ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببەت يولىدىكى پىداكارلىقىنىڭ قوۋمىگە ئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن

تەڭقىسلىقتا قالغان ئەزىزجان قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش باھادىر يىگىتلەرنى ئەتراپىغا يىغىپتۇ ۋە يەر ئاستىدىن يوشۇرۇن لەخمە كولاپ، تاغنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، شىمال تەرەپتىكى سۇلارنى مۇشۇ لەخمە ئارقىلىق باشلاپ كەلمەكچى بوپتۇ. تارىختىكى تاغ يېرىپ سۇ باشلاپ كېلىپ، شېرىننىڭ ۋىسالىغا يەتكەن پەرھاتتىن ئۆلگە ئالغان ئەزىز باشلىق يىگىتلەر ھېرىپ ـ چارچاشتىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، لەخمە كولاشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. لەخمىنىڭ تۈپىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدىن مەلۇم ئارىلىقتا بىردىن قۇدۇق كولاپ چۈشۈپ، لەخمىگە تۇتاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار:

ساي ئاستىدىن سۇ باشلىدۇق،
تەشنا يۈرەككە.
يارنىڭ بەرگەن ياغلىقىنى،
چىگىپ بىلەككە.

ئەجرىمىزنىڭ نام ـ شەرىپى،
«كار ئەزىز» بولدى.
بىنام ياتقان ئېدىر ـ سايلار،
باغ، ئېتىز بولدى.

دېگەندەك ناخشىلارنى ئېيتىپ، مۇشۇ تەرىقىدە لەخمە كولاپ، تاغ باغرىغا يېقىنلىشىشى بىلەنلا، لەخمىنىڭ تۆت ئەتراپىدىن، قۇدۇقلارنىڭ ئاغزىدىن سۇلار پىقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ كۆز يېشىدەك تەپچىرەپ چىقىپ، تامچە ـ تامچە سۇلار قوشۇلۇپ، تەشمە ئىچىدە شارقىراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ ۋە مەھەللە ئىچىدىكى تىلما ئاغزىدىن ئېقىپ چىقىپتۇ. قاتار ـ قاتار قۇدۇقلارنىڭ

تەشمىلىرىدىن ئېقىپ چىققان سۇنى كۆرگەن ئەل ـ ئاۋامنىڭ خۇشاللىقتىن كۆز ياشلىرى تامچىلاپ كارىز سۈيىگە قوشۇلۇپ كېتىپتۇ ۋە بۇ سۇدىن بىر كۆل پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن خالايىق يىغىنى توختىتىپ، «كۇل، كۇل» دېيىشىپ، يىغىلغان بۇ سۇنى «كۇل» (زامانلارنىڭ ئۆتۇشى بىلەن بۇ سۆز «كۆل» گە ئۆزگىرىپتۇ) دەپ ئاتىشىپتۇ. يۇرت چوڭلىرى «ئەمدى ھەممىمىز بۇ قۇتلۇق ئەمگەكنى مۇبارەكلەپ، ياخشى كۆرگەن دەرەختىن بىر تۈپتىن ئەكېلىپ، تىلىما ۋە كۆل بويىغا تىكىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرايلى»دېيىشىپ، ئۈجمە (جۈجەم)، ئۆرۈك، نەشپۈت، تېرەك، تال قاتارلىق قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالايلا دەپ قالغان دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئەكېلىپ كۆل ۋە تىلىما ياقىسىغا تىكىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كارىز بويى باغ ـ بوستانلىققا ئايلىنىپتۇ. يۇرت چوڭلىرى يەنە مەسلىھەتلىشىپ، «بۇ سۇنى ئەزىزجان باشچىلىقىدىكى ‹كارى ئەزىزلەر›، يەنى مېھنەتتى قەدىرلىك، ئەمگەكى ئەزىز كىشىلەر باشلاپ كەلدى، شۇڭا بۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ‹كارى ئەزىز› دەپ نام قويايلى» دېيىشىپتۇ، كېيىن بۇ ئىسىم ئىخچاملىنىپ، «كارىز» غا ئۆزگىرىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان كارىز ئىدىقۇت ۋادىسىنىڭ ھاياتلىق جان تومۇرى بولۇپ قاپتۇ...

## 2

قەدىمكى دەۋردە ئىدىقۇت تېغى باغرىدا بىر كۆجۈم بوستانلىق بار بولۇپ، بۇ يەردە بىر قوۋم كىشىلىرى ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشايدىكەن. ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇرغان، قۇرغاق ئويمانلىققا جايلاشقان بۇ زېمىن ياز كۈنلىرى باغرىنى كېسىپ ئۆتكەن ئىدىقۇت تېغىنىڭ يالقۇندەك تەپتى دەستىدىن «ئوت

ماكانى»غا ئايلىنىدىكەن. بۇ يۇرتتا سۇ قىس بولۇپ، كىشىلەر بۇلاق سۇلىرىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدىكەن، تاغ باغرىدىكى چۆللۈكلەردە مال بېقىپ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ يۇرتتىكى پادىچى بالا قويلىرىنى ھەيدەپ يۇرتنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يانتاقلىققا پادا باققىلى چىقىپتۇ. بۇ كۈنى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، ئۇ قاپاقتىكى سۈيىنى بالدۇرلا ئىچىپ تۈگىتىپتۇ ۋە كۆپ ئۆتمەيلا تەشنالىق ئازابى ئۇنى يەنە قىيناشقا باشلاپتۇ. پادىچى بالا يىراقتا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرىتاغ چوققىلىرىغا، ئاسماندا ئوت پۈركۈپ مىس لېگەندەك ساڭگىلاپ تۇرغان ھارارەتلىك قۇياشقا، ئالۋۇنلار جىمىرلاپ تۇرغان پايانسىز دالىغا قاراپ نېمە قىلىش ھەققىدە ئويلىنىپتۇ. ئاخىر بىر ئەقىل تېپىپ، قولىدىكى پادىچى تايىقى بىلەن ئايىغى ئاستىدىكى قۇمساڭغۇ تۇپراقنى كولاشقا باشلاپتۇ. تۇپراق كولانغانچە نەم توپا چىقىپتۇ، بالا بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي توختىماي كولاۋېرىپتۇ ۋە ھېرىپ كېتىپ، ئۆزىنى تاشلاپ بىر دەم ئارام ئاپتۇ. ئۇ دېمىنى ئېلىۋېلىپ، شۇنداق قارىغانىكەن، ئۆزى كولىغان كۆلچەكتە بىر ئوچۇم سۈپسۈزۈك سۇنىڭ قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئۇ سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، قويلىرىنى ھەيدەپ مەھەللىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى يۇرت ئاقساقىلىغا ئېيتقاندىن كېيىن، ئەتىسى يۇرت ئاقساقىلى بەردەم يىگىتتىن ئون نەچچىنى باشلاپ، كەتمەن ـ گۈرجەكلىرىنى ئېلىشىپ، پادىچى بالا كۆلچەك كولىغان يەرگە كەپتۇ. بۇ كۈنى بۇ كۆلچەكتە تېخىمۇ كۆپ سۇ يىغىلىپ قالغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالغان ھەم خۇشال بولغان يىگىتلەر ئاقساقالنىڭ باشچىلىقىدا كۆلچەكنى

يەنە بىر ئاز كولاپ، ئېرىق چاپقانىكەن، ئېرىقتا كەتمەن سېپىدەك توملۇقتا سۇ ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلهاملانغان يىگىتلەر ئېرىقنى يۇقىرىسىغا قاراپ چېپىپتۇ. ئېرىق يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ، قازىدىغان توپا مىقدارى كۆپەيگەندىن كېيىن، ئۇلار ئېرىق قېزىشتىن تەشمە قېزىشقا ئۆتۈپتۇ. تەشمە تېشىلىپ مەلۇم جايغا بارغاندا لاي چىقىرىش، هاۋا ئۆتۈشۈش مەسىلىلىرىنى هەل قىلىش ئۈچۈن تەشمە ئۈستىدىن قۇدۇق قېزىپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قۇدۇقلۇق ئىپتىدائىي كارىز پەيدا بوپتۇ، كېيىنچە باشقا قارىتىپ ئۇزارتىلىپ، قۇدۇق سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ، كۆپ قۇدۇقلۇق كارىزلار مەيدانغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئابىهايات كارىزلار مۇقەددەس ئىدىقۇت ئاتىنىڭ سېهىرلىك تىنىدىكى تومۇرلارغا ئوخشاش بۇ زېمىنىنىڭ هەممە يېرىگە تۇتىشىپ، بۇ تۇپراقنى زىلال سۈيى بىلەن ياشارتىپ كەپتۇ. ئىدىقۇت تېغى باغرىدىكى بۇ زېمىننى غايەت زور هاياتىي كۈچكە تولدۇرۇپ، بۇ يۇرتنى ئۈزۈم ماكانىغا، مەئىشەت قۇچىقىغا، مەدەنىيەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ زېمىندىكى كىشىلەر كارىزغا ئېتىقاد قىلىپ، يۇرت - يۇرتلاردىكى ئەركەكلەر دائىم كارىز چاپىدىغان، كارىزلارنىڭ لېيىنى تارتىپ، سۈيىنى ئۇلغايتىدىغان، بېشىغا ئۇزارتىپ چېپىپ، هاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان، كارىز سۈيىنىڭ پاكىزلىقىغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىدىغان بوپتۇ. كارىز بويلىرىدا:

قاتار- قاتار كۆرۈنگەنلەر،
كارىز دەرىخى.
بىزنىڭ يارنى كۆرسەتمىگەن،
يولنىڭ يىراقى.

يىراق بولۇپ، يېقىن بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام،
ئارمانىم يوقتۇر.
كارىزلاردىكى تەشمىلەردە،
ئابى زەم - زەم ئاقىدۇ.
ئىچىپ باقسام خويمۇ تاتلىق،
يۈرەككە بەك ياقىدۇ.
ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
كارىزدا دەڭلار.
قولى ئىشتا، كۆزى ياشتا،
يۈرىدۇ دەڭلار.
ئۈچ يۈز ئاتمىش قۇدۇق سۈيى،
بىر بولۇپ ئاقتى.
مەن باللىرىمنى كۆرەي دېسەم،
كارىزنىڭ ۋاقتى.
دېگەندەك ناخشىلار جاراڭلاپ تۇرىدىغان بوپتۇ...

## 3

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىلگىرى ئىدىقۇت تېغىنىڭ ئورنىدا غايەت زور بىر مەخلۇق بولۇپ، بۇ ئەجدىھا دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ مەخلۇق چوققىسى ئاپپاق قارلار بىلەن قاپلانغان تەڭرىتاغنىڭ بۇ ۋادىدىكى يۈرتلارغا ھەدىيە قىلغان قار - مۇزلاردىن ھاسىل بولغان ئېقىن سۈيىنى توسۇپ ياتىدىكەن. ھەر قېتىم ئۇ سۇ ئىچكىنىدە يۇرت ئىچىدە قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئېكىنزار، باغ - ئورمانلار غازاڭغا ئايلىنىدىكەن، يۇرت خەلقى خارابچىلىقتا، مال -

چارۋىلار ئاچارچىلىقتا قالىدىكەن، ئۇچار جانىۋارلار بۇ يۇرتتىن قاچىدىكەن، يۇرتنىڭ سۇغا بولغان تەشنالىقى، ئەلنىڭ نالىسى ئاخىر تەڭرىگە يېتىپ، قۇدرىتى بىلەن بوران چىقىپ تاش، توپا يېغىپ، بۇ مەخلۇقنى ياتقان يېرىگە كۆمۈپ تاشلاپتۇ.

شۇندىن بېرى قۇرۇق دەريا، ئۆستەڭلەردە دولقۇنلۇق ئېقىن سۇلار تاشتىن - تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئاقىدىغان بوپتۇ. بۇ سۇلار ئېكىنزارلىقلارنى، باغ - ئورمانلارنى، مال - چارۋىلارنى، ئۇچار قۇشلارنى، يۇرت خەلقىنى شاتلاندۇرۇپتۇ. يۇرت خەلقى ھېسابسىز يەرلەرگە بۇغداي، قوناق، كېۋەز تېرىشقا، مال - چارۋىلارنى خاتىرجەم بېقىشقا باشلاپتۇ. باياشاتچىلىق باشلىنىپ، يۇرت ئىچى مول - ھوسۇل تەنتەنىسىگە چۆمۈپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ بىر كۈنى دەريا، ئۆستەڭلەردىكى ھەيۋەتلىك ئېقىن سۇلار يەنە توختاپ قاپتۇ. يۇرت چوڭلىرى كېڭىشىپ ئىدىقۇت تېغىغا بىر تۇركۈم كىشىلەرنى ئەۋەتكەن ئىكەن، ئۇلار ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ. كېيىن يەنە بىر تۇركۈم قاۋۇل پالۋانلارنى تاغقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار تاغ باغرىدىكى ئاجايىپ يوغان بىر مەخلۇقنى كۆرۈپتۇ. بۇ مەخلۇق يۇرتقا ئېقىپ كېلىدىغان دەريا سۈيىنى توسۇپ ياتقان ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم سۇ ئىچكەندە دەريا - ئۆستەڭلەر قۇرۇپ كېتىدىكەن.

ئەسلىدە ئۇزۇن يىللار تاغ ئاستىدا ياتقان ھېلىقى ئەجدىھا تاغنى تېشىپ چىقىپ، بۇرۇنقىدەك دەريا سۈيىنى توسۇپ يېتىپ، سۇ ئىچىۋاتقان ئىكەن. پالۋانلار ئۆز يۇرتىنىڭ خارابلىشىپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالماي، نەچچە كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ، بۇ مەخلۇقنى يېڭەلمەي ھالىدىن كېتىشىپتۇ. مىڭ تەسلىكتە ئەجدىھادىن قۇتۇلۇپ يۇرتقا قايتىشىپتۇ. يۇرت چوڭلىرى، دانىشمەنلىرى بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ يەنە قايتىدىن كېڭىشىپ بىر ئەقىل تېپىپتۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەجدىھاغا تۇيدۇرماي قۇدۇق

كولاپ، قودۇقلارنى يەر ئاستىدىن تۇتاشتۇرۇپ، سۇنى يۇرتقا باشلاپ كېلىش ئىكەن. مانا مۇشۇ ئەقىل بىلەن يۇرت خەلقى سۇنى يۇرتقا باشلاپ ئەكېلىپ، يۇرتنى قايتا گۈللەندۈرۈپتۇ. بۇنى «كارىز» دەپ ئاتىشىپتۇ.

## 4

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمنىڭ قەدىمىسىدە ئىدىقۇت تېغى ئېتىكى سۇيى ئەلۋەك، تاغلىرى ياپ - يېشىل، ئۇچار قۇشلىرى سايرىشىپ، قوي - كاللىرى مۆرىشىپ، ئات - قۇلانلىرى كىشنىشىپ، تۆگە - ماراللىرى ئويناقلىشىپ ئوتلايدىغان گۈزەل يايلاق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يايلاقىا «قۇياش ئىلاھى» كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قېپتۇ ۋە دۆلدۈللىرىنى يايلاققا قويۇپ بېرىپتۇ. «شامان» دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى قوچۇلۇقلار «قۇياش ئىلاھى» غا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ دۆلدۈللىرىنى ئوتلاتماي قوغلاپ تۇرغۇزماپتۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ئىلاھ «تېغىڭلارغا ئوت كەتكەي» دەپ قاغاپ ناله - پەرياد قىلغانىكەن، پۈتۈن ئىدىقۇت تېغى بىپايان ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. دەريا، ئۆستەڭ، كۆللەرنىڭ سۇيى ئوتنىڭ يۇقىرى ھارارىتىدىن پارغا ئايلىنىپ، كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن تەڭرى تېغىدىكى ئويمانلىقتا يامغۇر بولۇپ قۇيۇلۇپ، «تەڭرى كۆلى» نى بەرپا قىپتۇ. ھەر قانچە قىلسىمۇ ئوتنى ئۆچۈرەلمىگەن قۇربى يەتمىگەن خەلق «ئەرش ئىلاھى»غا سېغىنىپ ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپتۇ. ئەلنىڭ نالىسى ئەرشكە يېتىپ، قاتتىق بوران - چاپقۇن بولۇپ، چاقماق چېقىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز يامغۇر ياغقان ئىكەن ئوتمۇ ئۆچۈپتۇ. ئېكىنزارلىقلار قايتا ياشىرىپ خەلق خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. لېكىن، كېيىن يامغۇر ياغمىغانلىقى

ئۇچۇن ئىدىقۇت تېغى يالقۇنجاپ تۇرغان چوغ پېتى تۇرۇۋېرىپ، دەريا، ئۆستەڭ، كۆل سۇلىرى قۇرۇپ، تۇرپان قاقاسلىققا ، ئەلنىڭ خۇشاللىقىمۇ قايغۇغا ئايلىنىپتۇ. ئەل ھەر يەردە داد ـ پەرياد قىلىپ يۇرگەچكە «سۇ پەرىسى» نىڭ شاپائىتىمۇ ياكى تەڭرى كۆلى تېگىدىكى ساقىپ كەلگەن سۇ ساقىندىلىرىمۇ ئەيتاۋۇر بۇلاقلاردىن سۇ چىقىپ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر سۇغا تولۇپتۇ. بىراق، بۇ سۇلار يېتىشمەي ئېكىنزارلىقلار يەنىلا نابۇت بولۇپ قېلىۋېرىپتۇ.

ئۆز يۇرتىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ دەرت ئەلەمگە چىدىمىغان «يالغۇز ئوغۇل» ئىسىملىك بىر باتۇر ئۆستەڭ قېزىپ، تەڭرى كۆلىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىشكە بەل باغلاپتۇ. ئۇ ئىشقا كىرىشىپ 6 ـ 7 كىلومېتىردەك ئۆستەڭ قازغاندا، يالغۇز ئوغۇلنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر چوكان ئۇنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۇ ئىشلەۋاتقان يەرگە بېرىپتۇ. ئەپسۇسكى كىيىمسىز ئىشلەۋاتقان باتۇر قاتتىق خىجالەت بولۇپ، ئۆلگۈدەك نومۇس قىلغانلىقتىن ئىش ئورنىنى تاشلاپ، تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى «توپ ئاتار غوجام» مازىرىغا چىقىۋېلىپ قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئوغۇل ئۆستىڭى شۇ پېتى تاشلىنىپ قاپتۇ. يۇرتداشلىرىنىڭ ئاھ ـ زارىغا يەنىلا چىدىيالمىغان يالغۇز ئوغۇل باتۇر مازاردا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، تەڭرىگە سېغىنىپ، زېمىن ئىلاھىنى ياد ئېتىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغانىكەن، بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن تەڭرى يەر ـ جاھاننى زىل ـ زىلىگە كەلگۈدەك تەۋرىتىپ، دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن قار ـ مۇزغا قاپلانغان ئاقتاغ (ئۇلۇغ) چوققىسىنى قەد كۆتەرتىپتۇ، شۇ دەھشەتلىك يەر تەۋرەشتىن تەڭرى كۆلىنىڭ شەرقى شىمال بۇرجىكىدىن چاك كېتىپ، بىر ئۆستەڭ پەيدا بوپتۇ. ئۇلۇغ چوققىسىدىكى قار ـ مۇزلاردىن ئېرىگەن سۇلارنىڭ

بىر قىسمى كۆلگە قۇيۇلۇپ، يەنە بىر قىسمى تۇرپان تەرەپكە قاراپ ئېقىپ، تۇرپانغا قايتا ئوت كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بوپتۇ. تۇرپانلىقلارنىڭ ئۇلۇغ چوققىدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ كەتسىلا «تۇرپانغا ئوت كەتكۇدەك» دېگىنى شۇنىڭدىن قالغانمىش. ئىلاھلار ئاتا قىلغان شاپائەتلەرمۇ تۇرپاندىكى چەكسىز بوك - باراقسان ئېكىنزارلىقلارنى بىمالال كۆكلىتىشكە ئىمكان بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان تۇرپان خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلماق بوپتۇ. يۇرت ئاقساقاللىرى كېڭىشىپتۇ، دانىشمەنلەر ئەقىل كۆرسىتىپتۇ، مۇنەججىملەر پىلانلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىن (ئېگىزدىن) تۆۋەنگە (پەسكە) قارىتىپ قۇدۇق قازماق بوپتۇ. قېزىلغان قۇدۇقلارنى تەشمە ئارقىلىق بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، سۇنىڭ يەر يۈزىگە چىققان يېرىدىن تىلمىلار يېرىپ، سۇنى كۆلگە باغلاپ (قاچىلاپ)، ئاندىن ئېتىزلارغا باشلاپتۇ. ئەقىل - ئىدراككا باي تۇرپانلىقلار قۇدۇق، تەشمە، تىلما ۋە كۆلدىن ئىبارەت بۇ يېپيېڭى ئالەمشۇمۇل مۆجىزىنى «كارىزنىڭ ئىزى» (ئەمگەك ئىزى) دېگەن بىر سۆزگە مۇجەسسەملەپتۇ. تۇرپان خەلقى ئەنە شۇنداق ئۆز يېرىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاجايىپ مۆجىزە كارىزنى ئىختىرا قىلىپ، تا ھازىرغىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن يىلمۇ يىل مول - ھوسۇل ئېلىپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ.

## 5

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇغدا تېغىدا قوي بېقىپ يۈرگەن بىر پادىچى يىگىتنىڭ بىر توپ قويلىرى يوقاپ كېتىپتۇ. يىگىت

قويلىرىنى ئىزدەپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قويلىرىنى ئىزدەپ ئىسسىقتا كۆپ ئازاب چېكىپتۇ، پۇتلىرى قىزىق قۇمدا كۆيۈپتۇ، لەۋلىرى چاڭقاپ چاك ـ چاك يېرىلىپتۇ. ئۇ ئاخىر قويلىرىنى بىر قومۇشلۇقتىن تېپىپتۇ. بۇ چاغدا يىگىت ئۆزىمۇ، قويلىرىمۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئىكەن. يىگىت ئەتراپنى شۇنچە ئايلىنىپمۇ بىرەر تامچە سۇ تاپالماپتۇ. ئاخىر بىر چىملىقتىن قۇدۇق كولاشقا باشلاپتۇ. كۈن پېتىپتۇ، ئاي چىقىپتۇ، ئاي ئولتۇرۇپ كۈنمۇ چىقىپتۇ. پادىچى كولىغان قۇدۇقتىن ئاخىر سۈپ ـ سۈزۈك مەرۋايىتتەك سۇ چىقىپتۇ. بۇ سۇنى پادىچى ھەم قويلىرى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ، كېيىنچە ئادەملەر پادىچى يىگىتنى دوراپ قۇدۇق كولاپتۇ ۋە قۇدۇقلارنى يەر ئاستىدىن بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، سۇنى يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كارىز پەيدا بوپتۇ.

## 6

ئۆزۈن زامانلار ئىلگىرى ئىدىقۇت ۋادىسىدا بىر كاتتا يايلاق بولغان ئىكەن. شۇ يايلاقنى گۈللەندۈرۈۋاتقان سۇيى ئەلۋەك بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئاشۇ يايلاقتا بىر يىگىت قوي باقىدىكەن. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە پۇتىنى چىلاپ قويۇپ، سالقىنداپ ئولتۇرغىنىدا ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ھاسىرىغىنىچە، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كەپتۇ. يىگىت بوۋايغا سالام بەرمەپتۇ. ئورنىدىنمۇ تۇرماپتۇ. پۇتىنى سۇدىنمۇ چىقىرىۋالماپتۇ. بوۋاي يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي يىگىت، پۇتۇڭنى سۇدىن چىقارساڭ، مەن سۇ ئىچىۋالسام، — دەپتۇ.

يىگىت بۇ چاغدا:

— سەن نەدىن كېلىپ، بۇ سۇنى ئىچمەكچى بولىۋاتىسەن، بۇ سۇنى ئىچىشكە سىنىڭ نىمە ھەققىڭ بار، — دەپتۇ.

بوۋاي يىگىتتىن ئازار يەپتۇ. ئۇ بىر دۇئا قىلغان ئىكەن، يەر قاتتىق سىلكىنىپ، بۇلاقنىڭ سۇيى قۇرۇپ كېتىپتۇ. بوۋاي ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت ئېسىگە كېلىپ، بوۋاينىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇرۇپتۇ. لېكىن، بوۋاي ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا پەرۋا قىلماي:

— ئاتقان ئوق قايتمايدۇ، ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي يەتتە قەدەم ماڭغاندا قويلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قوي ئايرىلىپ چىقىپ زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي مۆھتىرەم بوۋا، ئىگىمىزغۇ ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن جاجىسىنى تارتسۇن، بىز قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي ئويلىنىپ قاپتۇ. ئاخىر ھاسىسى بىلەن يەرگە دۈگىلەكلەرنى سىزىپ، ئۇلارنى تۈز سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ:

— سىلەر ئۈچۈن ئىگەڭلەرگە سۇ چىقىرىپ گۇناھىنى يۇيۇش پۇرسىتى بېرەي، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

يىگىت بوۋاينىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىت قۇدۇق كولاشقا باشلاپتۇ. كولىغان قۇدۇقلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپتۇ. يەر تېگىدىكى سۇنى يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىپتۇ. بۇنى «كارىز» دەپ ئاتاپتۇ.

## كارىز ھەققىدە قوشاقلار

كارىز يولى يۇلغۇنلۇق،
ئۆتتۈرىسىدا قوغۇنلۇق.
قوغۇنلۇقتا ئىشلەيدۇ،
قەلەمقاشلىق تال بويلۇق.

قەلەمقاشلىق يارىمنىڭ،
خۇمار كۆزى قوشبۇلاق.
بويى زىلۋا قولى گۈل،
ئوينىغۇچتەك يۇمبۇلاق.

كارىز سۇيى ئۇلغىيىدۇ،
قىرىمنى چاپقانسىرى.
كۆڭۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ،
يارىنى تاپقانسىرى.

* * *

كارىز بېشى قۇدۇقتا،
كەپتەر بالىسى.
كارىزدىكى شۇ يارىم،
كۆزنىڭ قارىسى.

كارىزدىكى بۇلاقلاردەك،
يارىمنىڭ كۆزى.
ناۋات قوشۇپ يۇغارغاندەك،
يارىمنىڭ سۆزى.

بويى زىلۋا، ھۆسنى ئاي،
لەۋلىرى غۇنچە.
مەڭزى ئانار، چىچى سۇمبۇل،
چىشلىرى ئۈنچە.

قاشلىرى قىياقتەك،
قاپاقلىرى قات.
قاپىقىنىڭ قات ـ قېتىغا،
سۆيەرمەن پات ـ پات.

تۆت كارىزنىڭ بېشىدا،
شاڭبولودا لاي تارتتۇق.
ئۆزىمىز كىچىك تۇرۇپ،
يار دەردىنى كۆپ تارتتۇق.

قاتار ـ قاتار كۆرۈنگەنلەر،
كارىز دەرىخى.
سەن يارىمنى كۆرسەتمىگەن،
يولنىڭ يىراقى.

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
كارىزدا دەڭلار.
قولى ئىشتا، كۆزى ياشتا،
يۈرۈيدۇ دەڭلار.

ئىشلىدۇق كارىزلاردا،
سېۋەتلەردە لاي تارتتۇق.
تىنىم تاپماي ئىشلەپمۇ،
يوقسۇللۇقنى بەك تارتتۇق.

يوغانقىردىكى كارىزنى،
دېھقانلار ئۆزى چاپقان.
ئىنساپسىز بەگ غوجاملار،
ياستۇقنى قىرلاپ ياتقان.

كارىز چېپىپ، يەر ئېچىپ،
ئاش چىقارساق ئېتىزدىن.
ئاشمايدىكەن دېھقانغا،
غوجام دېگەن يىلپىزدىن.

كارىزلاردىن ئاققان سۇ،
كۆلگە كېلىپ توختايدۇ.
چېۋەر يارىم قەلەم قاش،
قىزىل گۇلگە ئوخشايدۇ.

كەرچى سېيىنىڭ ئايىغى،
تەزە كارىزنىڭ بېشى.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
يارىمنىڭ ئەقلى ھوشى.

ئاشتى قىرىق غۇلاچتىن،
كارىزىمنىڭ قۇدۇقى.
ماڭا كېرەك ئەزەلدىن،
يارنىڭ ئەسلى شۇندىقى.

كارىز تىلما بويىدا،
يارىمنى كۆردۇم.
يېڭى يارىم ئوبدان ئىكەن،
كونىنى چۆرىدىم.

ياقا كارىز بېشىدىن،
يارىم كېلىدۇ.
قارا كۆزىنى ئوينىتىپ،
باغرىم كېلىدۇ.

كارىز جىلغىسى تىرەن،
جىلغىنىڭ يېنى مۇرەن.
بارسام يارنىڭ ئۆيىگە،
يىغا ـ زار بىلەن سۇرەن.

پۇپەك كارىز كۆلىدە،
غازلار ئوينايدۇ.
يارىمنى كۆرەي دىسەم،
تازلار دورايدۇ.

ئېشەك دېگەن ئۇلاقمۇ؟
كارىز دېگەن بۇلاقمۇ؟
چىقمايسەن تالا ـ تۇزگە،
پۇت ـ قوللىرىڭ چولاقمۇ؟

ئاخشىمى كېلىپ قوندۇق،
دۆڭ كارىزدا توقايدا.
يار ئاڭلىسا نېمە دەر،
باتنىمىسىلا پايدا.

## قوشۇمچە:

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارىزنى قوغداش نىزامى

(«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارىزنى قوغداش نىزامى» 2006 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 26 - يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. ھازىر ئېلان قىلىندى).

**1 - ماددا** بۇ نىزام كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈمىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، كارىزنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى» ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىشتا مۇشۇ نىزامغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقىغا كىرگۈزۈلگەن كارىزلارنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا دائىر قانۇن - نىزاملار بويىچە قوغداش، پايدىلىنىش ۋە باشقۇرۇش كېرەك.

**3 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان كارىز، كارىزنىڭ سۇ مەنبەسى ۋە قۇدۇقى، تەشمىسى، تەشمە ئاغزى، تىلمىسى، كۆلى ۋە ئۈنىڭ

قوشۇمچە قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**4 ـ ماددا** كارىزنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا، زامانىۋى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي پىلانلاپ، ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش لازىم.

**5 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ سۇچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارىزنى قوغداش، پايدىلىنىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

كارىز بار جايدىكى ئوبلاستلىق، شەھەرلىك(ۋىلايەتلىك)، ناھىيەلىك(شەھەرلىك)خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوندىكى كارىزنى قوغداش، پايدىلىنىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. باشقا ئالاقىدار تارماقلار كارىزنى قوغداش ۋە پايدىلىنىشقا ئائىت خىزمەتلەرگە مەسئۇلىيىتى بويىچە مەسئۇل بولىدۇ.

**6 ـ ماددا** كارىزنىڭ سۇ مەنبەسى دۆلەت ئىلكىدە بولىدۇ.

كارىز كىمنىڭ ئىلكىدە بولسا، شۇ باشقۇرۇش، شۇ مەنپەئەتلىنىش، شۇ قوغداش پىرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ.

كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات ئىلكىدىكى كارىزنى شۇ تەشكىلات باشقۇرىدۇ، شەخسلەر ئىلكىدىكى كارىزنى شۇ كىشى باشقۇرىدۇ.

**7 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە كارىز بار جايدىكى ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك(شەھەرلىك)خەلق ھۆكۈمەتلىرى كارىزنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا مەبلەغ جەھەتتىن مەدەت بېرىشى، كارىزنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلىشى لازىم.

8 ـ **ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە كارىز بار جايدىكى ئوبلاست، شەھەر(ۋىلايەت)ناھىيە(شەھەر)نىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى كارىز تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئىلغار، ياراملىق كارىز ئاسراش تېخنىكىسى، ھۈنىرى ۋە تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشقا تېخنىكا جەھەتتىن مەدەت بېرىشى ۋە مۇلازىمەت قىلىشى لازىم.

9 ـ **ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ.

كارىز بار جايدىكى ئوبلاست، شەھەر(ۋىلايەت)، ناھىيە(شەھەر)نىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ.

10 ـ **ماددا** كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈشتە، سۇيى توختاپ كەتكەن بولسىمۇ، سۇ مەنبەسى خېلى ياخشى، ئانچە ئۆرۈلمىگەن كارىزنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان كارىز دەپ بېكىتىش، سۇ مەنبەسى ناچار، بەكرەك ئۆرۈلۈپ كەتكەن كارىزنى قۇرۇپ كەتكەن كارىز دەپ بېكىتىش لازىم.

11 ـ **ماددا** كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش يىرىك پىلانى ۋە ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق يىرىك پىلانى قاتارلىق كەسپىي يىرىك پىلانلارغا ئۇيغۇن كېلىشى ھەمدە سۇ قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانى ۋە ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇق قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانىغا جىپسىلاشتۇرۇلۇشى لازىم.

**12 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە كارىز بار جايدىكى ئوبلاست، شەھەر(ۋىلايەت)، ناھىيە(شەھەر)نىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى كارىز سۈيى مەنبەسىنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىشى ۋە ئىستاتىستىكا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ باھالىشى ھەمدە تەكشۈرۈپ باھالاش نەتىجىسىگە ئاساسەن، كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈتىشى لازىم.

كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈشتە، ئەسلىدىكى يىرىك پىلانى تەستىقلاتقان تەرتىپ بويىچە تەستىقلاتقاندىن كېيىن تۈزىتىش لازىم.

**13 ـ ماددا** كارىز بار جايدا سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا، كارىزنى قوغداش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يىرىك پىلانىغا ئەمەل قىلىش لازىم.

سۇ ئامبىرىنى ياساش، ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قاتارلىق كونترول خاراكتېرىدىكى سۇ قۇرۇلۇشلىرىدا ياكى ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇق قېزىشتا، قۇرۇلۇش، باشقۇرۇشنى ئىلمىي دەلىللەپ، كارىز سۇ مەنبەسىگە تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

**14 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە كارىز بار جايدىكى ئوبلاست، شەھەر(ۋىلايەت)، ناھىيە(شەھەر)نىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۇ مەنبەسى ئومۇمىي مىقدارىنى كونترول قىلىپ، سۇ بايلىقىنى ياخشى تەقسىملەپ، كارىزغا كىرەكلىك سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە قوغداپ، كارىز سۈيى مەنبەسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**15 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە كارىز بار جايدىكى ئوبلاست، شەھەر(ۋىلايەت)، ناھىيە(شەھەر)نىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئاستى سۈيىنى كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇشنى

كۆچەيتىشى، يەر ئاستى سۈيىنى ئارتۇق قازغان جايلار ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ داۋاملىق تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

**16 ـ ماددا** كارىز ئىگىدارلىرى كارىز تەشمىسىنى بويلاپ، كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا قوغداش بەلگىلىرىنى ئورنىتىشى لازىم.

**17 ـ ماددا** كارىز سۇ مەنبەسىدىكى باش قۇدۇقنىڭ تۆۋىنىدىن ئىككى كىلومېتىر، ئوڭ ـ سول تەرىپىدىن 700 مېتىر، تەشمىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىن 500 مېتىر دائىرىدە ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇق كولاشقا بولمايدۇ. ئىلگىرى كولانغان ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇقلارنى تىزگىنلەپ، سۇ تارتىش مىقدارىنى تەدرىجىي ئازايتىش كېرەك. قۇرۇپ كەتكەن ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

**18 ـ ماددا** كارىز تەشمىسى ئۈستىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن 30 مېتىر دائىرىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ هازىرقى هالىتىنى ساقلاپ قېلىش، كۆلىمىنى كېڭەيتمەسلىك ياكى سۇ كۆپ كېتىدىغان زىرائەت تېرىماسلىق لازىم. ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىشقا، ئۆي ـ ئىمارەت سېلىشقا بولمايدۇ. بۇرۇن بار ئىمارەتلەر كارىزغا زىيان يەتكۈزگەن بولسا، قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىش لازىم.

**19 ـ ماددا** كارىز تەشمىسى ئۈستىدىكى ئىككى تەرەپ 30 مېتىر دائىرىدە كارىزنى بويلاپ ياسالغان يولدا ئېغىر تىپتىكى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يۈرۈشىگە چەك قويۇلىدۇ.

**20 ـ ماددا** كارىز خاس مەنزىرىسىنى قوغداش، كارىزنىڭ قۇدۇق بېشىدىكى توپىسىغا چېقىلماسلىق لازىم.

**21 ـ ماددا** كارىزنىڭ سۇ مەنبەسىگە، تىلمىسىغا ۋە كۆلىگە يۇندا، ئەخلەتلەرنى تۆكۈش مەنئى قىلىنىدۇ.

**22 ـ ماددا** تاشيول، تۆمۈر يول، نېفىت، تەبىئىي تۇرۇبا يولىنى ياساش، ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش ۋە نېفىت، تەبىئىي گاز ئېچىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردا كارىزنىڭ ئىچىدىن، تېشىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، قۇرۇلۇش قىلىش مەزگىلىدىكى ۋە ئىشلىتىش جەريانىدىكى كارىزغا بولغان خەۋپ ئېھتىمالىنى دەلىللەش ھەمدە كارىز قوغداش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم.

كارىز قوغداش لايىھەسى ھەققىدە كارىز ئىگىدارلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش لازىم. كارىز ئىگىدارلىرى كارىز قوغداش لايىھەسىنى تەكشۈرۈپ بېرىشنى ھەمدە نازارەت قىلىشنى كارىز بار جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

**23 ـ ماددا** كارىز ئەتراپىدا پارتلىتىش، چارلاش، قېزىش ئىشلىرىدا كارىز ئىگىدارىنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈش ھەمدە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كارىزغا زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**24 ـ ماددا** كارىز ساياھەتچىلىكىنى يولغا قويغۇچىلار كارىز ئىگىدارى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، كارىزنى قوغداش ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى، كارىزغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك.

**25 ـ ماددا** كارىز ئىگىدارى سۇ ئېلىش ئېغىزى بار جايدىكى ناھىيە(شەھەر)نىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا قانۇن بويىچە تىزىملىتىپ، سۇ تارتىش ئىجازەت رەسمىيىتىنى بېجىرىشى لازىم. ئەمما سۇ ھەققى تاپشۇرمايدۇ.

كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات ئەزالىرى شۇ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات ئىلكىدىكى كارىزنىڭ سۈيىنى

ئىشلىتىشتە سۇ تارتىش ئىجازەتنامىسى بېجىرمەيدۇ، سۇ ھەققى تاپشۇرمايدۇ.

**26 ـ ماددا** كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات ئەزالىرىدىن باشقا ئورۇن ياكى شەخسلەردىن كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات ئىلكىدىكى كارىزنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدىغانلىرى شۇ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھەمدە باشقۇرۇشقا بويسۇنۇشى لازىم.

شەخسلەر ئىلكىدىكى كارىزنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدىغانلار كارىز ئىگىدارىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھەمدە سۇ ئىشلىتىش كېلىشىمى تۈزۈشى لازىم.

**27 ـ ماددا** كوللېكتىپ ئىلكىدىكى كارىزنى باشقۇرۇشتا، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات كارىزنى قوغداش، سۇ تەقسىملەش، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش، شۇنىڭدەك كارىزنى رېمونت قىلىش، قوغداش، باشقۇرۇش مەبلىغىنى غەملەپ ئىشلىتىش ۋە ئەمگەك كۈچى چىقىرىش تۈزۈملىرىنى كوللېكتىپ كېڭىشىش، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش يولى بىلەن ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم.

**28 ـ ماددا** كارىز سۈيىنى ئىشلىتىشتە، ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش بىلەن نورمىلىق باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ئىلھام بېرىلىدۇ، ئىلغار سۇ تېجەش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىدۇ، كۆپ بويىچە سۇ ھەققى ئېلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

سۇ ئىشلەتكۈچى دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇپ، كارىز سۈيى ئىشلىتىشتە دېموكراتىك باشقۇرۇشقا ئىلھام بېرىلىدۇ.

**29 ـ ماددا** كارىز ئىگىدارى كارىزنى ئوبدان ئاسراپ، قۇدۇق

ئېغىزى ۋە تەشمە ئاغزىنى قەرەللىك رېمونت قىلىشى ۋە پۇختىلىشى كېرەك.

**30 ـ ماددا** ئەسلىدىكى كارىزلارنىڭ تارىخىغا ھۆرمەت قىلىپ، ھازىرقى پېتى ساقلاش كېرەك. كارىزنى ئۆزارتىش قوشنا كارىزغا تەسىر يەتكۈزسە، كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش لازىم.

**31 ـ ماددا** كارىز ئىگىدارلىرى ئارا، ئىشلەتكۈچىلەر ئارا، شۇنداقلا ئىگىدارلار بىلەن ئىشلەتكۈچىلەر ئارا سۇ ماجىراسى يۈز بەرسە، كېڭىشىپ ھەل قىلىش كېرەك. ئالاقىدارلاردىن كېڭىشىشنى خالىمىغان ياكى كېلىشەلمىگەنلىرى كارىز بار جايدىكى ناھىيەلىك(شەھەرلىك)خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ئۇلار ھوقۇق بەرگەن تارماققا مۇرەسسە قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ.

سۇ ماجىراسى ھەل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئالاقىدارلار ھازىرقى ھالەتنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتسە بولمايدۇ.

**32 ـ ماددا** بۇ نىزامنىڭ 17ـماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يېڭىدىن ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇق قازغانلارنى كارىز بار جايدىكى ناھىيە(شەھەر)نىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئول تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، قۇشۇمچە 5000 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇق قېزىشنى تەستىقلىغانلىرىنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**33 ـ ماددا** بۇ نىزامنىڭ 19 ـ، 21 ـ ماددىسىدىكى

بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى كارىز بار جايدىكى ناھىيە(شەھەر)نىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى تۈزىتىش، تەسىرىنى تۈگىتىشكە بۇيرۇيدۇ، زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم تۆلەيدۇ.

**34 ـ ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تاشيول، تۆمۈر يول، نېفىت، تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى ياساپ، ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ ۋە نېفىت، تەبىئىي گاز ئېچىش قاتارلىق ھەرخىل قۇرۇلۇشلارنى قىلىپ ياكى پارتلىتىش، چارلاش، قېزىش، ساياھەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، كارىزغا زىيان سالغانلارغا ۋاقتىدا تۈزىتىش تەدبىرى قوللىنىشى ھەمدە قانۇن بويىچە تۆلەم تۆلىشى كېرەك.

**35 ـ ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ مەمۇرىي جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىش سادىر قىلغانلارغا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**36 ـ ماددا** بۇ نىزام 2006 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

(تەرجىمىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى قانۇن ـ نىزاملارنىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش گۇرۇپپىسى بېكىتتى)

# خاتىمە

ئاخىردا بۇ كىتابىمنى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى، مەشرەپلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ۋە كارىزلارنى قوغداش، قۇتقۇزۇشقا پۇتكۇل زېھنىنى سەرپ قىلىۋاتقان پېشقەدەم رەھبەر، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، شائىر، يازغۇچى تۆمۈر داۋامەتنىڭ 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يازغان تۆۋەندىكى شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى لايىق تاپتىم :

زېرىكمەستىن، تېرىكمەستىن سەن،
مارجانلارنى چاتقان يىپ كەبى.
قۇدۇقلارنى چېتىپ كېلىسەن،
شۇنچە راۋان، شۇنچىلىك تەبىئىي.
بۇ قۇدۇقلار، پىنھان قۇدۇقلار،
يوشۇرۇنغان تەشمە ئېچىگە.
ئۇلغىيىدۇ قۇدۇقلار سۈيى،
قوشۇلغاندا بىرى بىرىگە.
كارىز ئۆزۈڭ ئۇلۇغ مۆجىزە،
سۈيۈڭ سۈزۈك ئۈنچىلەرگە تەڭ.
باش قۇدۇقتىن چىقسا ئۇتلام سۇ،
ئاخىرىدا بولىدۇ ئۆستەڭ.
كارىز شۇنداق ياشىدىڭ قانچە،

ئىككى مىڭ يىل، بەلكى ئۈچ مىڭ يىل.
ئىجادكارىڭ ئۇيغۇر ئەجدادى،
سۇلىرىڭدىن ياشىرىدۇ دىل.
گۈمۈرۈلۈش بولسا تەشىمىدە،
ياكى تىنسا قۇدۇقنىڭ كۆزى.
جاننى تىكىپ يېتىپ كېلىدۇ،
بۇ بوستاننىڭ يىگىتى ـ قىزى.
قۇرىسىمۇ بۇلاقلاردا سۇ،
قۇرىمايسەن، جۇشقۇن ئاقىسەن.
سەن بولساڭلا بىزنىڭ كۆڭۈل توق،
ئېتىزلارغا كىمخاپ ياپىسەن.
سانىغانغا تۈگىمەس تۆھپەڭ،
ئىرادىگە ئوخشار ئېقىنىڭ.
سېنى كۈيلەپ ئوقۇسام ناخشا،
ئاۋاز قوشتى يىراق ـ يېقىنىڭ.



总 策 划：希克然木•吾甫尔
策　　划：买买提•牙生
责任编辑：买尼沙•肉孜
责任校对：吐尔逊古丽•卡斯木
　　　　　热依沙•吐尔逊
封面和版式设计：阿依妮沙•吾布力
图片摄影：阿不力孜•霍加木尼亚孜
　　　　　周芳　刘健

**和谐生态里程碑—坎儿井**（维吾尔文）
吾买尔江•斯地克　编著
吾甫尔•努尔丁•托仑布克　审订

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　新疆金光印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　6.375印张　插页4
2012年2月第1版　2012年2月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1161-7（民文）定价：18.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئايىنىسا ئوبۇل







ISBN 978-7-5466-1161-7

9 787546 611617 >

定价：18.00元